2

e-كىتاپ تەييارلىغۇچى: ئىلهام نىزام

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

# چاچ كۆمۈرى

## 血余炭 Xue yü tan

**يىغىپ تەييارلاش:** ئادەم چېچىنى شۇلتا سۇيى بىلەن ئۇۋۇلاپ يۇيۇپ، ئارقىدىن سۈزۈك سۇ بىلەن چايقاپ پاكىزلەپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ قازانغا چىڭداپ توشقۇزۇپ ئۈستىگە يەنە بىر قازاننى كومتۇرۇپ، كومتۇرۇلگەن قازاننىڭ ئۈستىگە بىر ۋاراق ئاق قەغەز چاپلاپ، ئىككى قازاننىڭ يېپىشىپ تۇرغان يېرىنى لاي بىلەن مەھكەم ئېتىپ، قازان ئاستىدىن ئوت قالاپ، قازان ئۈستىدىكى ئاق قەغەز كۆيۈپ سېرىق رەڭگە كەلگىچە قىزىتىپ، قازان سوۋۇغاندىن كېيىن، ئاندىن چاچ ئېلىپ چىقىرىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى قېرىق، تەبىئىتى ئازراق ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز. تۇرۇپ قالغان قاننى تارقىتىدۇ، قان توختىتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) قان قۇسۇشتا: چاچ كۆمۈرىدىن 2 مىسقال (تالقىنى)، كۆمۈرلەنگەن سەر خىس 2 مىسقال (تالقىنى) ئېلىپ، كۈلى ئارچا يوپۇرمىقىدىن 3 مىسقال، قومۇچ يىلتىزىدىن 5 مىسقال قاينىتىپ، ئالدىدىكى ئىككى تالقان دورىنى ئىچىپ، ئارقىدىن قايناتما دورا ئىچىلىدۇ. (2) بۇرۇن قانىغاندا: چاچ كۆمۈرىدىن 8 مىسقال، ئەينۇلادىن بىر تال ئېلىپ كۆيدۈرۈپ كۆمۈر قىلىپ،قوشۇپ يۇمشاق سوقۇپ، ھەر قېتىم ئاز مىقداردا ئېلىپ بۇرۇنغا پۈر كېلىدۇ. (3) قان تۈكۈرۈشتە، قان قۇسقاندا: چاچ كۆمۈرى 1 مىسقال، خام شېكەرنىڭ سېرىقى 2 مىسقال، سىدىر تېشى 3 مىسقال، زەمچە 1 مىسقال ئېلىپ، قوشۇپ يۇمشاق سوقۇپ، ھەر قېتىم 1 مىسقالدىن كۈندە 3 قېتىم ئىچىلىدۇ. (4) ئاۋاز

داقىراتمىسىنىڭ سوزۇلما ياللۇغىدا، ئاۋاز پۇتۇشتە: چاچ كومۇرىدىن 2 سەر ئېلىپ سوقۇپ تالقان قىلىپ، ھەر قېتىم 1 مىسقالدىن گۇرۇچ سۇيى بىلەن ئىچىلىدۇ. (5) چوڭ تەرەتتىن قان كېلىشتە: چاچ كومۇرى 5 مىسقال، كىرپە تېرىسى (كويدۇرۇلگەن) دىن 1 سەر ئېلىپ، قوشۇپ يۇمشاق سوقۇپ، ھەر قېتىم 2 مىسقالدىن كۇندە 2 قېتىم قارا شېكەر سېلىنغان قايناقسۇ بىلەن ئىچىلىدۇ.

**مىقدارى:** 1.5 — 3 مىسقال.

# چوڭ خۇخا

## 大蓟 Da ji

**باشقا ئاتىلىشى:** ئېشەك تىكەن

(مۇرەككەپ گۇللۇكلەر ئائىلىسى، خۇخا تىكەن ئۇرۇغىدىكى)

**تونۇش:** (1) كوپ يىللىق سامان غوللۇق ئوسۇملۇك، ئىگىزلىكى بىر مېتىردىن ئاشىدۇ. پۇتۇن تېنى ئاق ياكى ساغۇچ قوڭۇر رەڭ يىپسىمان تۇكچىلەر بىلەن قاپلانغان. (2) يىلتىزى توپلىشىپ ئوسىدۇ، غولى تىك. (3) تۇۋىدىكى يوپۇرمىقىنىڭ سېپى بولىدۇ، شەكلى تەتۇر تېمنە سىمان، پەيسىمان چوڭقۇر يېرىلغان، گىرۋىكى چىشسىمان، چىشلىرىنىڭ ئۇچىدا ئۇزۇنلۇغى تەڭ بولمىغان تىكەنلىرى بولىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ ئالدى يېشىل، ئارقىسى كۇلرەڭ يېشىل بولىدۇ. غولىدىكى يوپۇرماقلىرى نوۋەتلىشىپ ئوسىدۇ، سېپى بولمايدۇ، تۇۋى قىسمى غولىنى يوگەپ تۇرىدۇ. (4) باشسىمان گۇل رېتى ئۇچىدىن ياكى قولتۇغىدىن ئوسىدۇ، رەڭگى، قىزغۇچ سوسۇن، ئومۇمى ئورىغۇچى يوپۇرمىغى يۇمۇلاق توپ شەكلىدە بولىدۇ. ئۇرۇق مېۋىسى سوقۇچاق، سەل ياپىلاغراق (203 - رەسىمگە قارالسۇن).

**ئوسۇس ئورنى:** تاغ باغرىلىرىدا، يول بويلىرىدا ۋە ئېتىز دالىلاردا ئۆسىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورىغا يەر ئۈستى قىسمى ئىشلىتىلىدۇ. گۈلى ئوبدان ئېچىلغاندا ئورۇۋېلىپ، تازىلاپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ كەسلەپ خام ياكى قورۇپ، كومۇرلەندۈرۈپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىتى:** تەمى قېرىغراق تاتلىق، تەبىئىتى سوغاققا مايىل، زەھەرسىز. تۇرۇپ قالغان قاننى ماڭغۇزۇپ، ئىششىقنى ياندۇرۇپ، قاننى سوۋۇتىدۇ، قان توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) بۇرۇن قاناش، قان قۇسۇش، چوڭ تەرەتتىن قان كېلىش، سۈيدۈكتىن قان كېلىشلەردە: چوڭ خۇخا، كىچىك خۇخا تىكەن، رەۋەن، قامچا ئوت، رويانلارنىڭ ھەر قايسىسىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق تالقان قىلىپ، سۇدا ئىككى سائەت قايناتقاندىن كېيىن، شامىسىنى سۈزۈۋېتىپ، يەنە سۇس ئوت بىلەن دۇملەپ قويۇلتقاندىن كېيىن، يۇمشاق سوقۇپ ھەر قېتىم 5 فۇڭدىن ئىچىلىدۇ. (2) ئۆپكە سىلىدە، قان تۈكۈرۈشتە: چوڭ ۋە كىچىك خۇخا 1 جىڭ 4 سەر، گۇلسامساق 1 جىڭ 4 سەر، ئېشەك يېلىمى 14 سەر (ۋاستىلىق ئېرىتىلگەن)، ئالدىنقى 3 دورىنى تالقان قىلىپ ئېشەك يېلىمى ۋە چىكىلەنگەن ھەسەل بىلەن 3 مىسقاللىق كومۇلاچ ياساپ، ھەر قېتىم بىر كومۇلاچتىن، كۈندە 3 قېتىم، ئۇدا 3 ئاي يېگۈزۈلىدۇ. (3) سۈيدۈكتىن قان كېلىشتە: چوڭ خوخا 1 سەر، كوك سېغىز 5 مىسقال، زىرىق 3 مىسقال، چۈچۈكبۇيا 2 مىسقال، سۇدا قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (4) بالىياتقۇنىڭ پائالىيەتچان قانىشىدا: چوڭ خۇخا 3 مىسقال، كىچىك خۇخا 3 مىسقال، رەيان 3 مىسقال. تورۇلغان ھىكەن سىرىغى 3 مىسقال، ئېشەك يېلىمى 3 مىسقال (چايقاپ) سۇدا قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (5) غەلۋىرەك، چاقىلارنىڭ زەھەرلىشىدە: ھول

چوڭ خوخىدىن مۇۋاپىق مىقتاردا ئېلىپ ئېزىپ، سۈيىنى چىقىرىۋېـ
لىپ، ئىچىلىدۇ. تىلىپى سىرتقا چىپىلىدۇ.

**مىقتارى:** 3 — 5 مىسقال.

**قوشۇمچە:** كەررەك (飞廉): بۇنىڭ شەكلى چوڭ خوخىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ لېكىن غولىدا تىكەنلىك قاناتلىرى بولىدۇ. بۇمۇ چوڭ خوخا تىكەن ئورنىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

# كىچىك خوخا

## 小蓟 Xiao ji

(مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسى، خوخا تىكەن ئۆرۈغىدىشى)

**تونۇش:** (1) كوپ يىللىق سامان غوللۇق ئوسۇملۇك، ئېگىزلىكى 30 — 60 سانتىمېتىر، پۈتۈن تېنى ئومچۇك تورىغا ئوخشاش تۈكچىلەر بىلەن قاپلانغان. (2) چوڭقۇر ئۇزۇن يىلتىزىسىمان غولى بولىدۇ. غولى تىك، يۇقىرى قىسمىدىن شاخلىنىدۇ. (3) يوپۇرمىقى نوۋەتلىشىپ ئۆسكەن، سوقۇچاق ياكى تېمىنە شەكىللىك، ئارقا تەرىپى ئاقۇش كۆلرەڭ، گىرۋىكى تېيىز يېرىلغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى باراۋەر بولمىغان تىكەنلىرى بولىدۇ. (4) باشسىمان گۈل رېتى ئۇچىدا ئۆسىدۇ. ئومۇمى ئورىغۇچى يوپۇرمىقى قوڭغۇراق شەكىلدە، گۈلى 2 جىنسلىق بولۇپ، ھەممىسى نەيچىسىمان، رەڭگى سۆس قىزغۇش سوسۇن، مېۋىسى ئورۇق مېۋە، شەكلى سوقۇچاق، ئۇچىدا ئاق رەڭلىك پەيسىمان تۈكچىلىرى بولىدۇ (204- رەسىمگە قاراڭ).

**ئوسۇش ئورنى:** ئېتىزلىقلاردا، ئوستەڭ بويلىرى ۋە يول بويلىرىدا ئوسىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورىغا يەر ئۈستى قىسمى ئىشلە-

تىلىدۇ. گۈلى ئېچىلىشتىن ئىلگىرى ئورۇۋېلىپ تازىلاپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، كەسلەپ خام ياكى قورۇپ كۆمۈر قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

**تەبىئىتى:** تەمى قېرىغراق تاتلىق، تەبىئىتى سوغاققا مايىل، زەھەرسىز. قاننى سوۋۇتىدۇ، تۇرۇپ قالغان قاننى ماڭغۇزىدۇ، قان توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) بۇرۇن قاناشتا، قان سىيىشتە: كىچىك خوخا 5 مىسقال، خام ئەگرى سۇناي 5 مىسقال قايىنتىپ ئىچىلىدۇ. (2) بالياتقۇنىڭ پاتالىيەتچان قانىشىدا: ھول كىچىك خوخا تىكەندىن 8 سەر دىن بىر جىڭغىچە ئېلىپ ئېزىپ سۈيىنى چىقىرىپ، قايناقسۇ بىلەن ئىچىلىدۇ. (3) تاشقى يارىلىنىشتىن قاناشتا: كىچىك خوخادىن مۇۋاپىق مىقتاردا ئېلىپ يۇيۇپ تازىلاپ ئېزىپ ياكى ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ يۇمشاق سوقۇپ يارىغا تېڭىلىدۇ (4) ئۆپكە ئىششىغىدا: كىچىك خوخا 1 سەر، ئۈچقات ئىككى سەر، سۇدا قايىنتىپ ئىچىلىدۇ.

**مىقتارى:** 1 — 3 مىسقال، ھولى 8 سەردىن 1 جىڭغىچە.

# يالمان قۇلاق

## 地锦草 Di jing Cao

**باشقا ئاتىلىشى:** يەر باغرى ئوت

(سۇتلۇك ئوتلار ئائىلىسى، سۇتلۇك ئوت ئورۇغىدىكى)

**تونۇش:** (1) بىر يىللىق كىچىك سامان غوللۇق ئوسۇملۇك، يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ، شاخلىرى ناھايىتى كۆپ، غولى ئىنچىكە ۋە ئاجىز، رەڭگى سۇس قىزىل ياكى سوسۇن يېشىل، تېنىدە ئاق

سۈت بولىدۇ. (2) يوپۇرمىغى ئۇدۇل ئۇسكەن، سوقۇچاق شەكلىدە بولۇپ ياز ۋە كۈز پەسلىدە يوپۇرماق قولتۇغىدا سۈس بىغىر - رەڭدىكى ئۇششاق گۈللىرى ئېچىلىدۇ، غوزا مېۋىسى 3 قىرلىق، شارسىمان كېلىدۇ (205 - رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۇسۇش ئورنى:** ئېتىز - داللاردا، يول بويلىرىدا، دەريا بويلىرىدا ۋە ئوتلاق قاتارلىق قۇرغاقراق جايلاردا بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە ئۇسىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورىغا پەر ئۈستى قىسمى ئىشلىتىلىدۇ ياز ۋە كۈز پەسلىدە ئورۇۋېلىپ، تازىلاپ ھول ھالىتىدە ئىشلىتىلىدۇ ياكى كەسلەپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى چۈچۈمەلرەك ئاچچىق، تەبىئىتى مۆتىدىل، زەھەرسىز. قان توختىتىدۇ، ئىسسىقنى تازىلايدۇ، زەھەرنى كېسىدۇ، سۈتنى راۋان قىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) ئىچكى - تاشقى زەخىملىنىشتىن قاناش، بالىياتقۇنىڭ پائالىيەتچان قانىشىدا: يالمان قولاق 5 مىسقال قاينىتىپ ئىچىلىدۇ ياكى يۇمشاق سوقۇپ 2 قېتىمغا بولۇپ ئىچىلىدۇ. (2) ئۆچەي ياللۇغىدا، تولغاقتا: يالمان قولاق 5 مىسقال، كوك سېغىز 3 مىسقال، سۇدا قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (3) سۈت يېتىشمىگەندە: يالمان قۇلاقتىن 1 — 2 سەر ئېلىپ بېلىق بىلەن قوشۇپ پىشۇرۇپ ئىچىلىدۇ. (4) يارىلىنىشتىن قاناشدا: يالمان قۇلاقتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، تازىلاپ ئاپتاپتا قورۇتۇپ، يۇمشاق سوقۇپ سىرتقا تېڭىلىدۇ. (5) پاقالچەك يارىسىدا: يالمان قۇلاقتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ئوتتا قاخلاپ قۇرۇتۇپ، يۇمشاق سوقۇپ، كونجۇت يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، يارىغا چاپلىنىدۇ.

**مىقدارى:** 3 — 5 مىسقال.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تۇخۇمەك

## 槐树 Huai shu

تۇخۇمەك گۈلى (槐花) تۇخۇمەك غۇنچىسى (槐米) تۇخۇمەك مېۋىسى (槐角) تۇخۇمەك شېخى (槐枝) تۇخۇمەك يوپۇرمىقى (槐叶)

(پۇرچاق ئائىلىسى، بۇيا ئۇرۇغدىشى)

**ئۆسۈش ئورنى:** كۆپىنچە جەنۇبىي شىنجاڭدا تىكىپ ئۆستۈرۈلىدۇ (206 - رەسىمگە قاراڭ).

**يىغىش تەييارلاش:** دورىغا تۇخۇمەك گۈلى، تۇخۇمەك غۇنچىسى، تۇخۇمەك مېۋىسى، تۇخۇمەك شاخلىرى ۋە تۇخۇمەك يوپۇرمىقى ئىشلىتىلىدۇ. تۇخۇمەك غۇنچىسى: گۈلى ئېچىلاي دېگەندە غۇنچىسى يىغىۋېلىنىپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇلۇپ، سارغايغىچە قورۇلىدۇ. تۇخۇمەك گۈلى: تۇخۇمەك گۈلى تازا ئوبدان ئېچىلغاندا يىغىۋېلىنىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇلۇپ سارغايغىچە قورۇلىدۇ. ئەگەر قورۇپ كۆيدۈرۈلسە تۇخۇمەك گۈلىنىڭ كۆمۈرى دېيىلىدۇ. تۇخۇمەك مېۋىسى: مېۋىسى پىشقاندا يىغىۋېلىنىپ، سېپى ئۈزۈۋېتىلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇلۇپ، ھەسەل قوشۇپ ياسىلىدۇ. تۇخۇمەك شېخى: يازدا ۋە كۈزدە يۇمران شاخلىرى يىغىۋېلىنىپ، كەسلەپ ھۆل ياكى ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ. تۇخۇمەك يوپۇرمىقى: قاچان لازىم بولسا شۇ چاغدا يىغىۋېلىنىپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى قېرىق، تەبىئىتى سەل سوغاق، زەھەرسىز. قاننى سوۋۇتىدۇ، قان توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) چوڭ تەرەتتىن قان كېلىشتە، بۇۋاسىر قاناشتا: قورۇلغان تۇخۇمەك گۈلى 5 مىسقال، تۇخۇمەك مېۋىسى 2 مىسقال، چۇلۇك يىلتىز پوستى (قورۇپ سارغايتىلغان) 5 مىسقال، ئانار پوستى 2 مىسقال، ھەممىنى قوشۇپ، يۇمشاق سوقۇپ، چىكىلەنگەن ھەسەل بىلەن قوشۇپ 4 تال كۇمۇلاچ ياساپ، ئەتىگەن ۋە ئاخشام ئاچ قورساققا بىر كۇمۇلاچتىن ئىچىلىدۇ. (2) يۇقۇرى قان بېسىمدا: تۇخۇمەكنىڭ قۇرۇق گۈلى ياكى ھۆل گۈلىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قاينىتىپ، چاي ئورنىدا ئىچىلىدۇ. (3) ھېيز كۆپىيىپ كېتىشتە، بالىياتقۇنىڭ پائالىيەتچان قانىشىدا: قورۇلغان تۇخۇمەك گۈلى 2 مىسقال، قورۇلغان توشقان ئۆتى 5 مىسقال، قورۇلغان ئارچا 5 مىسقال، قورۇلغان چوڭ خوخا 5 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (4) قان پلاستىنكىلىرى ئازىيىش خاراكتېرلىك سوسۇن داغ كېسەللىكىدە (يۈزى قىزىرىپ، ئاغزى قۇرۇپ، تىل ئۇچى قىزارغاندا): ھۆل تۇخۇمەك گۈلى 1 سەر، ھۆل ئەگرى سۇناي 1 سەر، ھۆل كىچىك خوخا 1 سەر، كۆلى ئارچا يوپۇرمىقى 5 مىسقال، مودەن يىلتىز پوستى 3 مىسقال، چوڭ چىلان 10 تال قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (5) قان قۇسۇشتا: قورۇلغان تۇخۇمەك گۈلى 2 سەر، قازان كۈيىسى 5 مىسقال ئېلىپ ھەممىنى ئېزىپ يۇمشاق سوقۇپ ھەر قېتىم 2 مىسقالدىن ئىچىلىدۇ. (6) شاپاق يارىسىدا: تۇخۇمەكنىڭ يۇمران قوۋزىقىنى ئوتتا قاقلاپ سارغايتىپ يۇمشاق سوقۇپ سىرتقا سېپىلىدۇ ياكى كۈنجۈت يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ. (7) تەمرەتكىدە: تۇخۇمەك يوپۇرمىقى ۋە شېخىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قاينىتىپ سۈيى بىلەن يۇيۇلىدۇ. (8) كۆز، قاپاق بېغىشىنىڭ ياللۇغىدا (قىزىل كۆز): ھۆل تۇخۇمەك شېخىدىن 3 مىسقال، ياخشى چاي 1 مىسقال، زەمچە 5 فۇڭ ئېلىپ بىر چىنە سۇ قۇيۇپ

ھەممىسىنى قوشۇپ قايىنتىپ، پاختا بىلەن تەككۈزۈپ، كۈندە 2 قېتىم يۇيۇلىدۇ. (9) ئوت، سۇ كۆيۈكلىرىدە: تۇخۇمەك گۈلىنى ئېزىپ تالقانلاپ، زىغىر يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ. ياكى تۇخۇمەك مېۋىسىنى قورۇپ كۆمۈرلەندۈرۈپ، سوقۇپ تالقانلاپ كۈنجۈت يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ.

**مىقدارى:** تۇخۇمەك گۈلى 1.5 — 3 مىسقال، تۇخۇمەك غۇنچىسى 1 — 3 مىسقال، تۇخۇمەك مېۋىسى 2 — 4 مىسقال، تۇخۇمەك شېخى بىلەن تۇخۇمەك يوپۇرمىقى سىرتقا مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

---

ئەسكەرتىش: ئاكاتسىيە (ئورۇس دەرىخى، Robiniapseudo-acaciaL.) (洋槐) دورىغا ئىشلىتىلمەيدۇ.

# چوڭ يوپۇرماقلىق لويلا

## 大叶藜 Da ye li

(لويلا ئائىلىسى، لويلا ئۇرۇغىدىشى)

**تونۇش:** (1) بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئېگىزلىكى 0.5 — 1 مېتىر. (2) غولى تىك، كۆپ شاخلىق، قىرلىق، سىلىق بولۇپ، تۈكچىلىرى يوق. (3) يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسكەن بولۇپ، نىسبەتەن چوڭراق، سېپى ئۇزۇن، نېپىز، ئىككى يۈزى سىلىق، رەڭگى يېشىل، گىرۋىگىدە رەتسىز كەمتۈكى بولغانلىقتىن كۆپ بۇرجەكلىك كۆرۈنىدۇ. (4) گۈل رېتى كونۇسسىمان، گۈلى يېشىل، ئۈستىدە ئاق چاڭلىرى بولىدۇ. مېۋىسى ئۇششاق، ياپىلاغراق دۈگىلەك بولۇپ، ئۈستىدە تورسىمان سىزىقلىرى بولىدۇ. (207 — رەسىمگە قاراڭ).



www.uyghurkitap.com

**ئۇسۇش ئورنى:** ئېتىز ئەتراپىدا، ئورمانلىق، ئوتلاقلىق، كوكتاتلىقلاردا، يېزا - مەھەللە ئەتراپلىرىدىكى نەم جايلاردا ئۆسىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورىغا يەر ئۈستى قىسمى ئىشلە - تىلىدۇ. گۈلى ئېچىلغاندا ئورۇۋېلىپ، ھول ئىشلىتىلىدۇ ياكى كەسلەپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىتى:** تەمى تاتلىق، تەبىتى موتىدىل، زەھەرسىز. ھېيىزنى راۋان قىلىدۇ، قاننى جانلاندۇرىدۇ، قان توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** ھېيىز تەڭشەلمەسلىك، باليياتقۇنىڭ پائا - لىيەتچان قانىشى، ئۆپكە سىلىدىكى قان تۈكۈرۈش، قان سىيىشلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

**مىقدارى:** 1 — 3 مىسقال.

---

ئەسكەرتىش: ئادەتتىكى لويىلىنىڭ يوپۇرمىقى كىچىك، ئالدى تەرىپى يېشىل، ئارقىسىدا ئاقۇش كۆلرەڭ چاڭلىرى بولۇپ، چوڭ يوپۇرماقلىق لويلا ئورنىدا دورىغا ئىشلىتىلمەيدۇ.

# يەر توزغىقى

## 马勃 Ma bo （大口静灰球）

**باشقا ئاتىلىشى:** جىن تاماكىسى

(يەر توزغىقى ئائىلىسى، يەر توزغىقى ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** (1) شار شەكلىدە ياكى شار شەكلىگە يېقىنراق كېلىدۇ، چوڭ - كىچىكلىكى بىردەك بولمايدۇ. يۇمران ۋاقتىدا ئاق رەڭلىك بولىدۇ، ئىچكى قىسمىدا گوش ماددىسى بولۇپ، سىرتقى

يۈزى سىلىق كېلىدۇ. (2) پىشقاندىن كېيىن تېنى يېنىكلىشىدۇ، پۈتۈن تېنى توق يېشىل رەڭ، تۈتقاندا ئەۋرىشىمچان بولۇپ، سىرتقى قېپى قەغەزگە ئوخشايدۇ، ئىچكى قىسمى ساغۇچ قوڭۇر رەڭلىك تالقان بىلەن تولغان. پىشقاندىن كېيىن قول بىلەن ئەزسە ئىچىدىن «تۈتۈن» چىقىدۇ (208 – رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۇسۇش ئورنى:** تاغ باغرىدا، ئورمانلىقلاردا، ئوتلاق قاتارلىق نەم يەرلەردە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورىغا پۈتۈن تېنى ئىشلىتىلىدۇ. كۈزدە سىرتقى پوستى ساغۇچ قوڭۇر رەڭگە كەلگەندە يىغىۋېلىپ نازىلاپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى ئاچچىق، تەبىئىتى موتىدىل، زەھەرسىز. ئىسسىقنى تازىلاپ، زەھەرنى قايتۇرىدۇ. قاناي – كېكىرتەكنى ئا – چىدۇ، قان توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) بادامسىمان بەز ياللۇغى، كېكىرتەك ياللۇغىدا: يەر توزغىقى 1 مىسقال، مامىرانچىنى (ھاراقتا قورۇلغان) 2 مىسقال، چۈچۈكبۇيا 2 مىسقال، يالپۇز 1 مىسقال، پەربون 2 مىسقال، قوڭغۇراقگۈل 2 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (2) كې – كىرتەك ياللۇغى، ئاۋاز داقىراتما ياللۇغىدا، ئاۋاز پۈتۈشتە: يەر توزغىقى ۋە تازىلانغان شورىنىڭ ھەر قايسىسىدىن 1 مىسقالدىن ئېلىپ، سۇدا قاينىتىپ مۇۋاپىق مىقتاردا ھەسەل قوشۇپ، ئېغىزغا سېلىپ شۈمۈپ ئارقىدىن يۇتۇدۇ. (3) قاداقتا: يەر توزغىقى 1 مىسقال، چوڭنچۈك 1 مىسقال، چوك چىلان 7 تال (قاي – نىتىپ، شورىگى بىلەن ئۇرۇقىنى ئېلىۋېتىپ) قوشۇپ ئېزىپ، خېمىردەك قىلىپ، لاتىنىڭ ئۈستىگە سۈرتۈپ، قاداقنى يۇيۇپ تازى – لاپ، دورا سۈرتۈلگەن لاتا بىلەن تېڭىلىدۇ. (4) سىرتقى يارى –

لىنىشتىن قاناشتا، بۇرۇن قاناشتا: يەر تېوزغىنىدىن ئاز مىقتاردا ئېلىپ، يارىلانغان ئورۇن تېڭىلىدۇ. بۇرۇن قانىغاندا بۇرۇن ئىچىگە پۈركىلىدۇ.

**مىقتارى:** 0.5 — 1 مىسقال.

# باشاق مۈڭگۈزى

## 麦角 Mai jiao (大头麦角菌)

**باشقا ئاتىلىشى:** كورگەندىم

(باشاق مۈڭگۈز ئائىلىسى، باشاق مۈڭگۈز ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** بۇ بىر خىل پارازىت زەمبۇرۇغ، رەڭگى قارا، ناھايىتى قاتتىق، شەكلى مۈڭگۈزسىمان بولۇپ ئارپا، بۇغداي، قىياق، قومۇش قاتارلىق باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ باشاقلىرىدا پارازىت بولۇپ ياشايدۇ.

**ئۆسۈش ئورنى:** بۇ زەمبۇرۇغ پارازىت بولۇپ ياشىغان باشاقلىق ئۆسۈملۈكلەردىن تېپىلىدۇ (209 - رەسىمگە قارالسۇن).

**يىغىپ تەييارلاش:** دورىغا باشاق مۈڭگۈزى ئىشلىتىلىدۇ. ياز، كۈز پەسىللىرىدە بۇغداي باشاقلىرى پىشقاندا يىغىۋېلىپ، سايىدا قۇرۇتۇلىدۇ ياكى ئوتتا قاقلاپ قۇرۇتۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** زەھەرلىك؛ بالىياتقۇنى قىسقارتىدۇ، قان توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** تۇغۇتتىن كېيىنكى بالىياتقۇ قاناش، باشنىڭ بىر تەرىپى ئاغرىشلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**مىقتارى:** 1.5 فۇڭ، كوپىنچە چىلانما، سۇيۇق چىلانما ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇكول ياسالمىلىرى ئىشلىتىلىدۇ.

**مەنئى قىلىنىشى:** ھامىلدار ئاياللارغا ئىشلىتىش مەنئى قىلىنىدۇ.

# قوي كوزى ئوت

## 瓦松 wa song

**باشقا ئاتىلىشى:** كىيىك ئالمىسى.

(كوك مارال ئالمىسى، قوي كوز ئوت ئۆرۈغدىشى)

**تونۇش:** (1) 2 يىللىق گوش ماددىلىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، تىك ئۆسىدۇ، ئېگىزلىكى 10 - 25 سانتىمېتىر. (2) ئوق يىلتىزى روشەن، چاچما يىلتىزى كوپ. (3) تۆۋەندىكى يوپۇرماقلىرى ئۇزۇن سوقۇچاق بولۇپ بىر - بىرىگە زىچ جايلىشىدۇ. غولىدىكى يوپۇرماقلىرى تېمىنە شەكىللىك بولۇپ، غولىدا زىچ ئۆسىدۇ. (4) ئومۇمى گۈل رېتى كونۇسسىمان، گۈلى سۈس ھال ياكى سۈس سېرىق رەڭلىك بولىدۇ (210 - رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۆسۈش ئورنى:** تاغ باغرىدا ئۆسىدۇ. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ تاغلىق ئورۇنلىرىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورىغا يەر ئۈستى قىسمى ئىشلىتىلىدۇ. يازدا ۋە كۈزدە يىغىۋېلىپ، تازىلاپ، قايناۋاتقان سۇغا بىر ئاز بېسىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى چۈچۈمەل، تەبىئىتى موتىدىل، ئازراق زەھەرلىك؛ قان توختىتىپ، قاننى جانلاندۇرۇپ، جاراھەتنى قورۇيدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) تېرىدىكى كاچ يارىلار (ئۆزۈن ۋاقىت پۈتۈلمىگەن يارا ئېغىزى) دا: قوي كوز ئۈتىتىن مۇۋاپىق مىقتاردا ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، 1% لىك ئاش تۇزى سۈيى بىلەن يارا يۇيۇلغاندىن كېيىن، يارىغا سېپىلىدۇ. (2) بۇۋاسىر قانىشىدا: قوي كوز ئۈتىنى يۇمشاق سوقۇپ ھەر قېتىم بىر مىسقالدىن ئىچىلىدۇ. (3) قان تولغاقتا، ھېيز تەڭشەلمىگەندە ئىشلىتىلىدۇ.

**مىقدارى:** 0.5 - 1 مىسقال.

# چۈپۈر شاڭ

## 荠菜 Qi cai

(كىرىست گۈللۈكلەر ئائىلىسى، چۈپۈر شاڭ ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** (1) بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئېگىزلىكى 20—40 سانتىمېتىر. (2) غولى تىك، يوپۇرماق قولتۇقىدىن شاخلايدۇ. (3) تۈۋىدىن ئۆسكەن يوپۇرماقلىرى توپلىشىپ، يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ، پەيسىمان يېرىلىدۇ، غولىدىن ئۆسكەن يوپۇرمىقى نەۋەتلىشىپ ئۆسكەن، تېمىسىنە شەكلىدە، تۈۋى قىسمى غولىنى ئوراپ تۇرىدۇ. گىرۋىكىدە دولقۇنسىمان ھەرە چىشلىرى بولىدۇ. (4) ئۇمۇمى گۈل رېتى ئۇچىدىن ۋە قولتۇقىدىن ئۆسىدۇ. گۈلى كىچىك، رەڭگى ئاق، گۈل تاجى ياپرىقى 4 تال بولىدۇ. قىسقا مۈڭگۈزلۈك مېۋىسى ياپىلاق، تەتۈر 3 بۇرجەكلىك بولۇپ، ئۇچى ئازراق ئويمان بولىدۇ (211 - رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۆسۈش ئورنى:** ئېتىزلىقلاردا، يول بويلىرى ۋە ئېرىق بويلىرىدا ئۆسىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** پۈتۈن قىسمى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. يازدا گۈلى ئېچىلغاندا كولىۋېلىپ، تازىلاپ، كېسىپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ. گۈلىمۇ دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى تاتلىق، تەبىئىتى سوغاققا مايىل، زەھەرسىز. قان توختىتىدۇ. تولغاقنى توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) يۇقۇرى قان بېسىمىدا: ھول چۈپۈرشاك 2 - 4 سەر، سۇدا قاينىتىپ ئىچىلىدۇ ياكى قايناقسۇدا دەملەپ، چاي ئورنىدا ئىچىلىدۇ ياكى چۈپۈرشاك گۈلى 1 سەر، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (2) سوزۇلما بورەك ياللۇغىدا: چۈپۈرشاك گۈلى 5 مىسقال، يارماقگۈل 1 سەر، قۇچقاچ تىلى 1 سەر، سۇدا قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. سۈيدۈكتە ئاقسىل كۆپ بولغانلارغا چوك خوخا قوشۇپ بېرىلىدۇ. قان سىيىشى ئېغىر بولغانلارغا يالمان قۇلاق قوشۇپ بېرىلىدۇ. (3) سۈتسىمان سىيىش، ئۈچەي ياللۇغى، تولغاق، كوزى قىزىرىپ ئىششىپ ئاغرىش، قان تۈكۈرۈش، قان سىيىش، بالىياتقۇدىن قان كېلىش قاتارلىق ئەھۋاللاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**مىقتارى:** 1—0.3 سەر.

## ئىپتىزلىق قىرىق بوغۇمى

## 问荆 Wen jing

**باشقا ئاتىلىشى:** قاشلىق ئوت

(قىرىق بوغۇم ئائىلىسى، قىرىق بوغۇم ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** (1) كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئوسۇملۇك، ئىگىزلىكى 25 - 60 سانتىمېتىر. (2) يىلتىزسىمان غولى قارامتۇل قوڭۇر رەڭلىك بولىدۇ، باش باھاردا سوسۇن ساغۇچ قوڭۇر رەڭلىك

كوپۈيۈش غولىنى چىقىرىدۇ، شاخلىمايدۇ. ئۇچىدا ماۋىي ئۇچىغا ئوخ-
شايدىغان سىپورا خالتىلىق باشىغى بولىدۇ. يازدا ۋە كۈزدە يېشىل
رەڭلىك ئۇزۇقلىنىش غولى چىقىرىدۇ، يۇمشاق، ئىچى كاۋاك بولىدۇ.
ئابلانما بولۇپ كوپ شاخلىنىدۇ. بوغۇمىدا قوڭۇر رەڭدىكى پەردى-
لەشكەن ئايلانما ئۆسكەن تەڭگىسىمان يوپۇرماقلىرى بولىدۇ (212-
رەسىمگە قاراڭ).

**ئۆسۈش ئورنى:** دەريا بويلىرى، ئوتلاق، ئېتىز قاتارلىق
نەم يەرلەردە ئۆسىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورىغا يەر ئۈستى قىسمى ئىشلىتىلە-
دۇ. يازدا ۋە كۈزدە ئورۇۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، كېسىپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى ئېرىق، تەبىئىتى موتىدىل، زەھەرسىز.
قان توختىتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) سۈرۈن قاناش، ھېيز كوپ كې-
لىش، ئۈچەي قاناش، قان تۈكۈرۈش، بۇۋاسىر قاناشتا ئىشلىتىلىدۇ.
(2) سۈيدۈك يولى ياللۇغىدا. سۈيدۈك ئوبدان راۋان بولماسلىقتا
ئىشلىتىلىدۇ.

**مىقتارى:** 1—3 مىسقال.

## بەھمەن (چوڭ يوپۇرماقلىق بەھمەن)

## 补血草 Bu xüecao (大叶矶松)

(بەھمەن ئائىلىسى، بەھمەن ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** (1) كوپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئې-
گىزلىكى 15 — 30 سانتىمېتىر. (2) غولى تىك بولۇپ، يۇقۇرى
قىسمى شاخلايدۇ. بىر تەرەپكە قىيپاش ئۆسىدۇ. (3) تۈۋىدىكى يو-
پۇرماقلىرى ئۇزۇنچاقراق تۇخۇم شەكلىدە ياكى سوقۇچاق بولۇپ، بەسەيگە

ئوخشاش توپلىشىپ ئۆسىدۇ. غولىدىكى يوپۇرمىقى يىگىلەپ تەڭگىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، رەڭگى قوڭۇر بېغىرەڭ، گىرۋىكىدە ئاق پەردىلەشكەن ماددىلىرى بولىدۇ. (4) چەكلىك كۆنلۈكسىمان گۈل رېتى خۇددى سۇپۇرگىگە ئوخشايدۇ. گۈل كاسىسا ياپرىقى پەردىلەشكەن، رەڭگى ئاق، ۋاروندىغا ئوخشايدۇ، گۈلى كۆكۈش سوسۇن كېلىدۇ (213 - رەسىمگە قاراڭ).

**ئۆسۈش ئورنى:** پەس تاغلىق رايونلارنىڭ تاغ باغرىدا ئۆسىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورىغا پۈتۈن ئوتى ئىشلىتىلىدۇ (مىللىي تىبابەتچىلىكتە يىلتىزى ئىشلىتىلىدۇ). ھەممە ۋاقىتتا يىغىشقا بولىدۇ. پاكىز يۇيۇپ تازىلاپ ئاپتاپتا قۇرۇتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى تاتلىق، تەبىئىتى موتىدىل، زەھەرسىز. قان توختىتىدۇ، تۇرۇپ قالغان قاننى تارقىتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** بالىياتقۇنىڭ پاتالىيەتچان قانىشى، بالىياتقۇ بويۇن راكى ۋە باشقا قاناشلاردا: 5 مىسقال بەھمەن قاينىتىپ ئىچىلىدۇ ياكى 50% لىق ئوكۇل سۇيۇقلۇقى ياساپ ھەر قېتىم 2 مىللىلىتىردىن گۆشكە ئوكۇل قىلىنىدۇ.

**مىقتارى:** 0.5—1 سەر.

## ھىكەن سىبرىغى (كەڭ يوپۇرماقلىق ھىكەن)

## 蒲黄 Pu huang (宽叶香蒲)

(ھىكەن ئاتمىلىسى، ھىكەن ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** كوپ يىللىق ئىگىز ئۆسىدىغان سامان غوللۇق ئوسۈملۈك، ئېگىزلىكى 2 - 3 مېتىر. (2) يىلتىزى يوغان، توغرىسىغا ئۆسىدۇ. بوغۇملىرىدا چاچما يىلتىزلىرى بولىدۇ. غولى ئاق ۋە تىك ئۆسىدۇ. شەكلى تۈرۈكسىمان كېلىدۇ. (3) يوپۇرمىقى كەڭ يېپسىمان، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن بىر مېتىر، تۆۋى قىسمى غىلاپسىمان بولۇپ،

غولىنى يوگەپ تۇرىدۇ، كانايغا ئوخشايدۇ. (4) گۈلى تاق جىنىسلىق، ئاتىلىق گۈلى بىلەن ئانىلىق گۈلى بىر تۈپتە بولىدۇ. ئاتىلىق گۈلى گۈل سىپىنىڭ ئۇچىدا بولۇپ، رەڭگى سېرىق، باشاقسىمان بولىدۇ. ئانىلىق گۈلى ئۇنىڭ ئاستىدا بولۇپ، رەڭگى ساغۇچ قوڭۇر، شەكلى كالتەككە ئوخشايدۇ. پىشقاندا شامغا ئوخشاش بولۇپ، ئادەتتە توزغاق دېيىلىدۇ (214 - رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۆسۈش ئورنى:** كول بويلىرىدا، دەريالارنىڭ سۇ تۇختاپ قالغان جايلىرىدا ئۆسىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە يەرلىرىدە بار. بولۇپمۇ باغراش كولى، ئىلى دەريا ۋادىلىرىدا كۆپ تارقالغان.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورىغا ئاتىلىق گۈل چېڭى (ھىكەن سېرىقى) ئىشلىتىلىدۇ. گۈلى يېڭىدىن ئېچىلغاندا ئاتىلىق گۈل رېتىنى كېسىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، يەنچىپ، تاسقاپ گۈل چېڭىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ خام ياكى كۆمۈرلەندۈرۈپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى تاتلىق، تەبىئىتى مۆتىدىل، زەھەرسىز. قان ماڭغۇزۇش، ئۇيۇپ قالغان قاننى تارقىتىش ئۈچۈن خام بويىچە ئىشلىتىلىدۇ. قورۇش ۋە قان توختىتىشقا قورۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) ئاغرىنىپ كەلگەن ھېيزدا، تۇغۇتتىن كېيىن قان تۇرۇپ قېلىپ قوساق ئاغرىشتا: خام ھىكەن سېرىقى 2 مىسقال، ئۇچار چاشقان مايىقى 3 مىسقال، تاغ دىنى 2 مىسقال، يىموساۋ 1 سەر، سۇدا قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (2) بالىياتقۇنىڭ پاتالىيەتچان قانىشىدا: ھىكەن سېرىقىنىڭ كۆمۈرى 3 مىسقال، كۆلى ئارچا يوپۇرمىقى 5 مىسقال (قورۇپ سارغايتىلغان)، كەتىرا 4 مىسقال (ھاراقتا قورۇلغان) ئېلىپ بۇمشاق سوقۇپ، 2 قېتىمغا بولۇپ ئىچىلىدۇ. (3) قان قۇسۇش، بۇرۇن قاناشتا: قورۇلغان ھىكەن سېرىقى 2 مىسقال، مودەن يىلتىز پوستى 3 مىسقال، خام ئەگرى سۇناي 3 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (4) يەنىلىپ - ئۇرۇلۇپ

زەخمىلىنىشتە، قان ئۇيۇپ كوكۇرۇپ ئاغرىشتا: ھىكەن سېرىنى 3 مىسقال، شاپتۇل مېغىزى 3 مىسقال، داگۇي 3 مىسقال، چۇەن چۇك 2 مىسقال، زاراڭزا چېچىكى 1.5 مىسقال ئېلىپ، سۇدا قاينىتىپ، بىر ئىستاكان ئوغۇل بالا سۈيدۈكى بىلەن ئىچىلىدۇ. (5) كويۇك (1 - ۋە 2 - دەرىجىلىك) تە، سىرتقى زەخمىلىنىشتىن بولغان قاناشتا: ھىكەن سېرىقىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ئوتتا قاخلاپ قورۇتۇپ، ناھايىتى يۇمشاق سوقۇپ سىرتقا سېپىلىدۇ.

**مىقدارى:** 1 — 3 مىسقال.

---

ئەسكەرتىش: رايونىمىزدا كەك يوپۇرماقلىق ھىكەدىن باشقا يەنە كوپ خىلدىكى ھىكەن بولۇپ، بۇلارنىڭ شەكلى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ھەممىسىنىڭ ھىكەن سېرىقى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

## يوگىمەچ (ئېتىزلىق يوگىيى)

## 田旋花 Tian xüan hua

**باشقا ئاتىلىشى:** لەپلەپ

(يوگىمەچ گۈللۈكلەر ئائىلىسى، ئېتىزلىق يوگەي ئۆرۈغىدىشى)

**تونۇش:** (1) كوپ يىللىق يوگىشىپ ئوسىدىغان سامان غوللۇق ئوسۇملۇك، كوپىنچە توۋىدىن شاخلايدۇ. (2) يوپۇرماقلىرى نوۋەتلىشىپ ئوسكەن، سېپى ئۇزۇن، شەكلى ئۇزۇنچاق ئوقياسىمان، تولۇق گىرۋەكلىك، ئۇچى دىخماق بولۇپ، توۋى قۇلاقچا ئوخشايدۇ. (3) گۈلى يوپۇرماق قولتۇقىدا يالغۇز ئوسىدۇ. رەڭگى سۇس قىزىل. ئاقۇش، شەكلى كانايسىمان، غوزا مېۋىسى شار شەكىللىك بولىدۇ (215 - رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۆسۈش ئورنى:** ئېتىز - داللاردا ۋە يول بويلىرىدا ئۆسىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورا ئۈچۈن گۈلى ئىشلىتىلىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى:** قان توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** ئىچكى - سىرتقى بۇۋاسىرنىڭ قانىشىدا: گۈلىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ئېزىپ سىرتقا تېڭىلىدۇ.

**مىقدارى:** مۇۋاپىق مىقداردا سىرتقا ئىشلىتىلىدۇ.

## كىيىك قېنى

## 山羊血 Shan yang xüe

**باشقا ئاتىلىشى:** ئېلىك قېنى

**يىغىپ تەييارلاش:** كىيىكنى تۇتقاندىن كېيىن، قېنىنى ئېلىپ، پاكىز يۇيۇلغان ئۈچەيگە قۇيۇپ، ئىنچىكە يىپ بىلەن 3 - 5 سانتىمېتىر جايدىن بوغۇپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** تۈزلۈق، ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز. قان توختىتىدۇ، ئىششىقنى ياندۇرىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** ئۇرۇلۇپ زەخىملەنىشلەردە، سۇنۇق ئىششىقلاردا: كىيىك قېنىنى يۇمشاق ئېزىپ، 1 - 2 گىرامدىن سېرىق ھاراق بىلەن كۈنىگە ئىككى قېتىم ئىچىلىدۇ. (2) قان تۈكۈرگەندە، تەرەتتىن قان كەلگەندە، بۇرۇن قانىغاندا: كىيىك قېنىدىن 0.5 - 1 گىرام ئېلىپ سېرىق ھاراق بىلەن كۈنىگە 2 نۆۋەت ئىچىلىدۇ.

**مىقدارى:** 0.5 - 1 گىرام.

ئۇيغۇر كىتاب تورى يېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# توشقان كالپۇك

## 兔唇花 Tuchun hua

(كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسى، توشقان كالپۇك ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** (1) كوپ يىللىق سامان غوللۇق ئوسۇملۈك، ئېگىزلىگى 15 - 30 سانتىمېتىر. (2) غولى تىك، يالغۇز ئوسىدۇ. تۆۋەندىن شاخلىنىدۇ. رەڭگى بېغىرەڭ سېرىق، سەل ياغاچلاشقان. (3) يوپۇرمىغى ئۇدۇل ئوسكەن، 3 قولاقلىق پەيسىمان يېرىلغان، يېرىقچە يوپۇرماقچىلىرى ئاچىسىمان تېيىز يېرىلىدۇ، سىپى يوق، تۆۋەندە تىكەنلىرى بولىدۇ. (4) گۈل رېتى ئايلانما كونلۇكسىمان، گۈلى كالپۇكسىمان، رەڭگى قىزغۇچ سوسۇن، گۈل كاسىسى كەڭ قوڭغۇراقسىمان، روشەن بولۇپ، تۆۋەن قىسمى زىچ يۇمشاق تۈكچىلەر بىلەن قاپلانغان، يۇقۇرى قىسمى سىلىق كېلىدۇ، كىچىك قاتتىق مېۋىسى 3 بۇرجەكلىك بولىدۇ (216 - رەسىمگە قاراڭ).

**ئوسۇش ئورنى:** قۇرۇق تاغ باغرىدا ئوسىدۇ. ئىلى قاتارلىق رايونلاردىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورا ئۈچۈن يەر ئۈستى قىسمى ئىشلىتىلىدۇ. دەسلەپ چېچەكلىگەن چاغدا، يەر ئۈستىدىكى قىسمىنى كېسىۋېلىپ، پارچىلاپ سايىدا قۇرۇتۇلىدۇ.

**تەبىتى:** تەمى تاتلىغىراق ئاچچىق، تەبىتى ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز. يالغۇزنى ياندۇرۇپ، قاننى توختىتىپ، تېنچلاندۇرىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** ھەر خىل قاناشلاردا: توشقان كالپۇك، چاققاق بويۇرمىغى ۋە غاز ئوتىنىڭ ھەر قايسىسىدىن 3 مىسقالدىن ئېلىپ، قاينىتىپ، كۈنىگە 2 قېتىم ئىچىلىدۇ.

**مىقدارى:** 2 - 3 مىسقال.

# قىزىل مارال

## 土三七 Tu san qi（狭叶红景天）

（كۆك مارال گاگىلىسى، قىزىل مارال ئۆرۈغدىشى）

**تونۇش:** كوپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئېگىزلىگى 20 – 40 سانتىمېتىر. ( 2 ) يىلتىزى رەتسىز تۈگۈنەكسىمان سېمىز بولىدۇ، سىرتىنىڭ رەڭگى ماغۇچ قوڭۇر، گوشى ئاق، پوستى سويۇلغاندىن كېيىن بىغىرەڭگە ئۆزگىرىدۇ. ( 3 ) غولى تىك ياكى بىر قانچە غولى توپلىشىپ ئۆسىدۇ، شاخلانمايدۇ. ( 4 ) يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ ياكى سەل – پەل ئۇدۇل ئۆسىدۇ. سېپى يوق، زىچ جايلاشقان، گوشلۇك بولىدۇ، شەكلى تەتۈر تېمىنە شەكلىدە ياكى تېمىنە شەكلىدە، گىرۋىگى ھەرچىشسىمان بولىدۇ. ( 5 ) چەكلىك ئۇگۈزسىمان گۈل رېتى ئۇچىدا ئۆسىدۇ، گۈل تاجى ياپرىقى 5 تال، كىچىك، رەڭگى سېرىق بولۇپ، غۇنچە شەكىللىك مېۋىسى پىشقاندا 5 پارچىغا يېرىلىدۇ ( 217 – رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۆسۈش ئورنى:** تاغ باغرىدىكى قۇملۇق يەرلەردە، تاش ئارىلىرىدا ئۆسىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورا ئۈچۈن يىلتىزى ئىشلىتىلىدۇ. كۈز پەسلىدە يىلتىزىنى كولىۋېلىپ، تازىلاپ، ياپىلاقلاپ، ئاپتاپتا قۇرۇتىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى تاتلىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز. قۇرۇيدۇ، قان توختىتىدۇ، زەھەرنى، قايتۇرۇپ، ئىششىقنى ياندۇرىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** ( 1 ) قان تۈكۈرۈش، قان قۇسۇش، بۇرۇن قاناشتا: قىزىل مارال، كىچىك خوخىنىڭ ھەرقايسىسىدىن 5 مىسقال،

www.uyghurkitap.com

قايناتىپ ئىچىلىدۇ. (2) ئۆرۈلۈپ يارىلانغاندا، بوغۇملارنىڭ تولغىنىپ كېتىشىدە: قىزىل مارال 3 مىسقال، لېپەكگۈل 4 مىسقال، قىزىل چۇغلۇق 1 سەر، قايناتىپ ئىچىلىدۇ. (3) سۈت بېزىنىڭ غەلۋىرەكسىمان يىرىڭلىق ئىششىقىدا: ھول قىزىل مارال يىلتىزىدىن 2 سەر (ياكى يوپۇرمىقىدىن 4 سەر) ئېلىپ، سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ، سېرىق ھاراق ياكى ئىللىمان سۇ بىلەن ئىچىلىدۇ.

**مىقدارى:** 3 مىسقالدىن 1 سەرگىچە.

# مەرمەر تېشى

## 花蕊石 Hua rui shi

**تونۇش:** بىر خىل ئىللان ئىزى سىزىقلىق رەتسىز كاللەك ماددا بولۇپ، رەڭگى ساغۇچ كۆلرەڭ ياكى سېرىق يېشىل، يۈزى غۇدۇر بولۇپ، نۇر ئاستىدا يۇلتۇزدەك پاقىرايدۇ. ۋەزنى ئېغىر، قاتتىق.

**چىقىش ئورنى:** كورلىنىڭ باشئەگمىدىن چىقىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** ساپ مەر مەر تېشىنى ئوچاقتا سېلىپ، قىزىرىپ كەتكىچە قىزىتىۋېلىپ سوۋۇتۇپ ئۇۋۇتىلىدۇ.

**تەبىتى:** تەمى چۈچۈك، تەبىتى مۆتىدىل، زەھەرسىز. ئۇيۇغان قانلارنى تارقىتىدۇ. قان توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) قان تۈكۈرۈشتە: كويدۇرۇلگەن مەرمەر تېشىدىن 1 سەر ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، ھەر نۆۋەتتە 3 مىسقالنى يېرىم ئىستاكان ئوغۇل بالىنىڭ سۈيدۈكىدە سەل قايناتىپ، تاماقتىن كېيىن ئىچىلىدۇ. (2) سىرتقى يارىلارنىڭ قانىشىدا: كويدۇرۇلگەن مەرمەر تېشىنى يۇمشاق سوقۇپ، جاراھەتكە سېپىلىدۇ. (3)

قان قۇكۇرگەندە، بۇرۇن قانىغاندا، چوڭ - كىچىك تەرەتتىن قان كەلگەندە: كويدۇرۇلگەن مەرمەر تېشى ۋە چاچ كومۇرىنىڭ ھەر قايسىسىدىن 3 سەر، ھىكەن سىرىغى كومۇرىدىن 2 سەر ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ يۇمشاق سوقۇپ كۇنىگە 3 قېتىم ھەر قېتىمدا 1 مىسقالدىن ئىچىلىدۇ.

مىقتارى: 1 - 3 مىسقال.

## ئەمەن (ئادەتتىكى ئەمەن)

艾 ai （野艾）

باشقا ئاتىلىشى: بىرىنجاسىپ

(مورەككەپ گۇللۇكلەر ئائىلىسى، ئەمەن ئۇرۇغدىشى)

تونۇش: (1) كوپ يىللىق سامان غوللۇق ئۇسۇملۇك، بىر مېتىرچە ئېگىزلىكتە ئۇسىدۇ. (2) غولى تىك، ئۇزۇن سىزىقلىرى بار، يوپۇرمىغى نوۋەتلىشىپ ئۇسىدۇ. سېپى بار، كوپىنچە 3 قۇلاقلىق پەيسىمان يېرىلىدۇ، ئالدى يۇزى يېشىل، كەينى ئېقىش كۇلرەڭ كېلىدۇ. (3) باشسىمان گۇل رېتى قوكۇراققا ئوخشاش ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. بۇلار تىزىلىپ باشاقسىمان گۇل رېتىنى ھاسىل قىلىدۇ (مېۋە مەزگىلىدە ئومۇمى گۇل رېتى شەكلىنى ئالىدۇ) گۇلى نەيسىمان، رەڭگى ساغۇچ يېشىل، بىر ئاز سوسۇن سىزىقلىرى بار، مېۋىسى ئورۇق مېۋە.

ئوسۇش ئورنى: ئوي - جاي ئەتراپلىرىدا، يول بويىدا، داللاردا ئۇسىدۇ. رايونىمىزنىڭ ھەممە جايىدىن تېپىلىدۇ.

يىغىپ تەييارلاش: دورىغا يوپۇرمىغى ئىشلىتىلىدۇ. (1) يوپۇرمىغى: ياز بېشىدا گۇلى ئېچىلىشتىن بۇرۇن ئورۇۋېلىپ، يوپۇرماقلىرىنى

ئۇزۇپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ. (2) ئەمەن كومۇرى: ئەمەننى ئوتتا قو-رۇپ $\frac{7}{10}$ ھەسسىگىچە قارايتىپ، بۇنىڭغا ئازراق ئاچچىقسۇ قوشۇپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ ئېلىپ قويۇلىدۇ (218 - رەسىمگە قارالسۇن).

**تەبىئتى:** تەمى قېرىق، تەبىئتى ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز. قان توختىتىدۇ. جىگەرلىك (经络) نى ئىسسىققا مايىل قىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) بالىياتقۇنىڭ پاتالىيەتچان قانىشىدا: 2 سەر ئەمەن كومۇرىنى يۇمشاق سوقۇپ، ھەر قېتىمدا 2 مىسقالدىن گۈرۈچ سۈيى بىلەن ئىچىلىدۇ. (2) ئاجىزلىق ۋە سوغاقتىن قو-ساق ئاغرىشتا، بالىياتقۇنىڭ پاتالىيەتچان قانىشىدا: ئەمەن كومۇرى 2 مىسقال، بۇغا مۈڭگۈز قالدۇغى 5 مىسقال، قانتېپەر 5 مىسقال، پىششىق ئەگرى سۇناي 3 مىسقال، قاينىتىپ شىرىلىك سۈيىنى سۈزۈۋېلىپ بۇنىڭغا 4 مىسقال ئېشەك يېلىمى قوشۇپ ئېرىتىپ ئىچىلىدۇ. (4) تېرىنىڭ ھوللۇكتىن قىچىشىشىدا، قوتۇرلاردا: مۇۋاپىق مىقتاردىكى ئە-مەننى سۇدا قاينىتىپ يۇيۇلىدۇ.

**مىقتارى:** 2 - 3 مىسقال.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# نېرۋىنى تىنچلاندۇرغۇچى دورىلار

镇定安神药

تىنچلاندۇرغۇچى دورىلارنىڭ خاتىرجەم قىلىش ۋە ئۇخلىتىش خۇسۇسىيىتى بولۇپ، بۇلار ئۇيقۇسىزلىق، ئۇنتۇغاقلىق، يۈرەك سېلىش، باش قېيىش، ئىچى تىتىلداپ سىقىلىش، بوغۇنۇش قاتارلىق ئەھۋاللاردا ئىشلىتىلىدۇ.

## سۇمبۇل

## 缬草 Jie cao

(سۇمبۇل ئائىلىسى- سۇمبۇل ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** (1) كوپ يىللىق سامان غوللۇق ئۇسۇملۇك، ئېگىزلىكى 1 مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. (2) چاچما يىلتىزى كوپ، غولى تىك، غولدا ئۇزۇن سىزىقچىلىرى بار. (3) يوپۇرمىقى ئۇدۇل ئوسكەن، پەيسىمان تولۇق يېرىلغان بولۇپ، ئۇچىدىكى يېرىقچە يوپۇرمىقى چوڭراق، شەكلى ئۇزۇنراق سوقۇچاق، 2 تەرىپىدىكى يېرىقچە يوپۇرماقچىلىرى كىچىكرەك، شەكلى تېمىنەسىمان، گىرۋىكىدە شالاڭ ھەرە چىشلىرى بولىدۇ. (4) چەكلىك كۈنلۈكسىمان گۈل رېتى ئۇچىدا ئۇسىدۇ، گۈلى كىچىك، رەڭگى ھال ياكى سۇس سوسۇن، مېۋىسى ئۇرۇق مېۋە، شەكلى ئۇزۇنچاق تۇخۇمسىمان، ئۇچىدا پەيسىمان تۈكچىلىرى بولىدۇ (219 - رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۆسۈش ئورنى:** تاغ باغرىدا، ئورمان ئەتراپىدا، ئوتلاقلار ۋە دەريا ۋادىلىرىدا ئۆسىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورىغا يىلتىزى ئىشلىتىلىدۇ. كۈز پەسلىدە كولىۋېلىپ، تازىلاپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى ئاچچىغراق تاتلىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز. رېماتىزىمنى بوشىتىدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ، نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) بەل ئاغرىش، پۇت ئاغرىش، قوساق ئاغرىش، يىقىلىپ-ئۇرۇلۇپ زەخىملىنىش، يۈرەك سېلىش، نېرۋا ئاجىزلىقلاردا: سۈمبۈلدىن 1 مىسقال ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ ئىچىلىدۇ ياكى ئوغۇل بالىنىڭ سۈيدۈكى بىلەن ئىچىلىدۇ ياكى سپىرتلىق ياسالمىسى ئىچىلىدۇ (سپىرتلىق ياسالمىسىنى تەييارلاش: 125 گرام سۈمبۈل يىلتىزىنى يۇمشاق سوقۇپ، 60% لىق سپىرتتىن مۇۋاپىق مىقداردا قوشۇپ چىلاپ، سۈزۈپ، يەنە ئۈستىگە 60% لىق سپىرتتىن 1000 مىللىلىتىرغىچە قوشۇپ، ھەر قېتىم 4 – 8 مىللىلىتىردىن بىر كۈندە 3 قېتىم ئىچىلىدۇ). (2) نېرۋا پائالىيىتىنىڭ بۇزۇلۇشىدا: سۈمبۈل 1 سەر، ئەينۇلا 3 مىسقال، سېرىس قوۋزىقىدىن 3 مىسقال ئېلىپ، يېرىم جىڭ ھاراققا 7 كۈن چىلاپ، كۈندە 3 قېتىم ھەر قېتىم 10 مىللىلىتىردىن ئىچىلىدۇ.

**مىقدارى:** 1.5 – 3 مىسقال.

---

ئەسكەرتىش: شىنجاڭدا سۈمبۈلنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ ھەممىسى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

# سىرىس (يىپەك ئاكاتسىيىسى)

## 合欢 He huan

سىرىس قوۋزىقى (合欢皮)، سىرىس گۈل غۇنچىسى (合欢花)

(پۇرچاق ئائىلىسى، سىرىس ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** (1) يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ بولۇپ، ئېگىزلىكى 4 - 5 مېتىر كېلىدۇ. (2) يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسكەن، 2 قاتلانغان جۈپ سانلىق پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرماقچىلىرىنىڭ شەكلى يىڭناقسىمان بولىدۇ. سېپى بولمايدۇ. كۈندۈزى يېيىلىپ، كېچىسى يىغىلىۋالىدۇ. (3) باشسىمان گۈل رېتى ئوگزىسىمان تىزىلغان بولۇپ، يېڭى شاخنىڭ ئۇچىدا ئۆسىدۇ. ئاتىلىق گۈل يېپى ئىنچىكە ئۇزۇن، ھال رەڭلىك بولىدۇ. قاسراقلىق مېۋىسى مۆڭگۈزسىمان، شەكلى ياپىلاق ھەم نېپىز، پىشقاندا ساغۇچ قوڭۇر بولىدۇ (220 - رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۆسۈش ئورنى:** جەنۇبىي شىنجاڭدا تىكىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**يىغىش تەييارلاش:** دورىغا قوۋزىقى (سىرىس قوۋزىقى)، غۇنچىسى بىلەن يېڭى ئېچىلغان گۈلى (سىرىس گۈل غۇنچىسى) ئىشلىتىلىدۇ. قوۋزىقىنى دەرەخ كەسكەندە ياكى دەرەخ شېخىنى پۇتىغاندا سويۇۋېلىپ، كەسلەپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ. گۈلى تېخى ئېچىلمىغاندا يىغىۋېلىنىپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى تاتلىق، تەبىئىتى مۆتىدىل، زەھەرسىز. تىنچلاندۇرۇپ، خاپىغاننى چىقىرىدۇ، قاننى جانلاندۇرىدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ، پەي ۋە سۆڭەكلەرنى چىڭىتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) نېرۋ ئاجىزلىقىدىن بولغان ئۇيقۇسىزلىقتا: سېرىس قوۋزىقى 5 مىسقال (سېرىس گۈل غۇنچىسى 3 مىسقال)، ئاق چۈغلۇق 2 مىسقال، لۆڭگۈ 5 مىسقال، سۇدا قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (2) ئۆپكىنىڭ يىرىڭلىق ئىششىقىدا: سېرىس قوۋزىقى 3 مىسقال، ئۈژمە يىلتىزىنىڭ ئاق پوستى 3 مىسقال، كوك كاۋا مېغىزى 5 مىسقال، شاپتۇل مېغىزى 3 مىسقال، سۇدا قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (3) نېرۋ ئاجىزلىقىدا (يۈرەك سېلىپ، دېمى سىقىلىش، باش قېيىشتا): سېرىس قوۋزىقىدىن 1 سەر، ئاق چۈغلۇقتىن 1 سەر، سىرىدىن 8 فۇڭ ئېلىپ، ھەممىنى قوشۇپ، يۇمشاق سوقۇپ كۈندە 3 قېتىم ھەر قېتىم 4 فۇڭدىن ئىچىلىدۇ. (4) گال ئاغرىشتا: سېرىس گۈلىدىن 3 مىسقال ئېلىپ، قايناقسۇغا دەملەپ، چاي ئورنىدا ئىچىلىدۇ. (5) يىقىلىپ-ئۈرۈلۈپ زەخىملىنىشتە: سېرىس قوۋزىقىدىن 2 سەر ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ كۈندە 2 قېتىم 2 مىسقالدىن سېرىق ھاراق بىلەن ئىچىلىدۇ. (6) چاقا - جاراھەتلەردە: سېرىس قوۋزىقى 5 مىسقال، ئۈچقات 1 سەر، قىزىل چۈغلۇق 5 مىسقال، سۇدا قاينىتىپ ئىچىلىدۇ.

**مىقدارى:** سېرىس قوۋزىقى 2 - 4 مىسقال، سېرىس گۈل غۇنچىسى 1 - 3 مىسقال.

## جەزبۇزار (ئالتاي جەزبۇزارى)

## 九节菖蒲 Jiu jie chang pu (阿勒泰银莲花)

(ئېيىق تاپانلىقلار ئائىلىسى، جەزبۇزار ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** (1) كوپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يەر ئاستى يىلتىزىسىمان غولى ئىنچىكە ئۇزۇن بولۇپ، توغرىسىغا ئۆسىدۇ. بوغۇملىرى كوپ، رەڭگى بېغىرەڭ سېرىق، چاچما يىلتىزى بولىدۇ. (2) غولى تىك، ئېگىزلىگى 8 - 25 سانتىمېتىر. (3) تۇۋىدىن

ئۇسكەن يوپۇرماقلىرى 2 قايتىلانغان 3 قۇلاقلىق مۇرەككەپ يوپۇرماق، سېپى ئۇزۇن، كىچىك يوپۇرماقچىلىرىنىڭ كەمتۈكلىرى ۋە ھەرە چىشلىرى بولىدۇ. (4) ئومۇمى ئورىغۇچىسى يوپۇرماقسىمان، 3 قۇلاقلىق بولىدۇ. گۈلى ئۇچىدىن ئۇسىدۇ، رەڭگى ئاق ياكى گۈل تاجى ياپرىقىنىڭ تۈۋى كۆكۈچ بولىدۇ. غوزا مېۋىسى يۇمۇلاق تۇخۇم شەكلىدە ياكى يېڭى كورۇنگەن ئاي شەكلىدە بولىدۇ، سىرتىدا يۇمشاق تۈكچىلىرى بولىدۇ (221 - رەسىمگە قاراڭ).

**ئۆسۈش ئورنى:** تاغ - داللاردا، چاتقاللىقلاردا ۋە ئورمانلىقلار ئارىسىدا ئۇسىدۇ. ئالتاي، تيانشان تاغلىرىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورىغا يىلتىزسىمان غولى ئىشلىتىلىدۇ، ياز ۋە كۈز پەسلىدە كولاپ، غولىدىكى يوپۇرماقلىرىنى ۋە چاچما يىلتىزىنى تاشلىۋېتىپ ھول ياكى ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى ئاچچىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز. يوللارنى ئېچىپ، ھوللۇقنى تارقىتىدۇ. ئىشتەينى ئاچىدۇ. زەھەر تارقىتىش، قۇرۇتلارنى ئولتۇرۇش ئۈچۈن سىرتقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) نېرۋ ئاجىزلىق (قۇلاق قۇكۇلداش، باش ئاغرىش) تا: جەزبۇزار 1 سەر، سېرىق يۇگەي 4 مىسقال، ئەگرى سۇناي 3 مىسقال، ئاق چۇغلۇق 3 مىسقال، ئەينۇلا 2 مىسقال، سۇدا قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (2) رېماتىزىملىق يۈرەك كېسەللىكىدە: جەزبۇزار 2 مىسقال، ئارچا ئۇرۇغى 5 مىسقال، قىزىل مېۋىلىك شاقاقۇل 3 مىسقال، كەرمان 3 مىسقال، گۈل ساماساق 2 مىسقال، پەربۇن 1.5 مىسقال، چوڭ چىلان 3 تال قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (3) قىزىتما كېسەللىكلىرىدىكى ھوشسىزلىنىپ جويلۇش، قاتتىق بىئارام بولۇشتا ئىشلىتىلىدۇ. (4) غەلۋىرەك، ھەر خىل چاقىلار، قىچىشقاق، تەمرەتكىلەردە: ھول جەزبۇزارنى ئېزىپ سىرتقا تېڭىلىدۇ.

**مىقتارى:** 0.8 — 1.5 مىسقال.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كەرمان

## 远志 Yuan zhi

(كەرمان ئائىلىسى، كەرمان ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** (1) كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئېگىزلىكى 15 – 40 سانتىمېتىر. (2) يىلتىزى دۈگىلەك تۈۋرۈكسىمان، ئازراق ئەگرى بولىدۇ، رەڭگى ساغۇچ خورمىرەڭ، غولى تېگىدىن شاخلانغان بولۇپ، تىك ياكى قىيپاش ئۆسىدۇ، ئىنچىكە ۋە ئاجىز بولىدۇ. (3) يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسكەن، شەكلى ئۇزۇن سوقۇچاق ياكى تۇخۇمسىمان دۈگىلەك ياكى تارتېمنەسىمان بولۇپ، سېپى يوق، تولۇق گىرۋەكلىك كېلىدۇ. (4) باشسىمان گۈل رېتى ئۇچىدا ئۆسىدۇ، گۈلى كىچىك، سېپى ئۇزۇن، گۈلى ئادەتتە كۆك ياكى سۇس جىگەررەڭ ياكى ئاق رەڭدە بولىدۇ. مېۋىسى غوزا مېۋە، شەكلى تەتۈر يۈرەكسىمان، ياپىلاق، ئۇچى ئويمانراق بولىدۇ، گىرۋىكىدە تار قانىتى بولىدۇ (222 – رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۆسۈش ئورنى:** كۆنگەي تاغ باغرىدا، تاغلىق يايلاقلاردا ياكى شەمشات ئورمانلىقىدا ئۆسىدۇ.

**يىغىش تەييارلاش:** دورا ئۈچۈن يىلتىزى ۋە پۈتۈن ئوتى ئىشلىتىلىدۇ. كۈزدە يىلتىزىنى كولىۋېلىپ، غولى ۋە يوپۇرماقلىرىنى ئېلىۋېتىپ، تازىلاپ ئاپتاپتا قۇرۇتىدۇ. ئوتى گۈلى ئېچىلمىغان چاغدا يىغىۋېلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى ئاچچىراق قېرىق. تەبىئىتى ئىسسىقمايىل، زەھەرسىز. خاتىرجەم قىلىپ، تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنى ياخشىلايدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** يۈرەك سېلىپ بىئارام بولۇشتا، ئۇنۇتقاقلىقتا: كەرمان 3 مىسقال، ئىگىر 3 مىسقال، ئارچا ئۇرۇقى 3 مىسقال، خام لۇڭگۇ 5 مىسقال، قايناتقىلىپ ئىچىلىدۇ. (2) يوتۇلۇش، بەلغەم تۈكۈرۈشتە، كەرمان 3 مىسقال، قوڭغۇراقگۈل 3 مىسقال، يۇلتۇز گۈل ۋە سوغۇ گۈلىنىڭ ھەر بىرىدىن 2 مىسقال، قايناتىپ ئىچىلىدۇ.

**مىقدارى:** 1 - 3 مىسقال.

# ماگنىت تېشى

## 磁石 Ci shi

**تونۇش:** بۇ بىر خىل ماگنىتلىق رەتسىز كالللەكسىمان، ئېغىر، قاتتىق، تۆمۈر رەڭلىك مەدەن بولۇپ، تۆمۈرنى ئۆزىگە تارتالايدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ماگمىلىق تاغ جىنىسلىرى (岩浆岩) ۋە سۈپىتى ئۆزگەرگەن (مىتامورفىك) تاغ جىنىسلىرى (变质岩) ئارىسىدا بولىدۇ. ئىلى، ئالتاي، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** يىلنىڭ ھەممە ۋاقىتلىرىدا قېزىۋېلىپ، بۇنىڭدىكى ئۆلۈك ماگنىت ۋە كېرەكسىز نەرسىلەر چىقىرىۋېتىلىدۇ. ماگنىت تېشىنى كويدۇرۇش: ماگنىت تېشىنى تۇتۇنسىز چوغ ئوتقا قويۇپ، قىپ - قىزىل چوغ بولغىچە قىزدۇرغاندىن كېيىن، ئاچچىق سۇغا بىر ئاز چىلاپ قويۇپ، يەنە كويدۇرۇپ، يەنەبىر رەت چىلاپ قويغاندىن كېيىن، سوقۇپ بىرىك تالقان ھالغا كەلتۈرۈلىدۇ. ھەر 10 جىڭ ماگنىت تېشى ئۈچۈن 3 جىڭ ئاچچىقسۇ كېتىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى ئاچچىق، تەبىئىتى سوغاق، زەھەرسىز. تېچلاندۇرىدۇ ۋە خاتىرجەم قىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) باش قېيىش، قۇلاق غۇڭۇلداش، يۈرەك ئېغىش، يۈزى قىزىرىپ كېتىشتە (يۇقۇرى قان بېسىم كېسىلىدە)، بېشى قېيىپ ئايلىنىپ كېتىش، كۆڭلى ئېلىشىپ قۇسۇش (مېيىنىر كېسىلى) دە: كويدۇرۇلگەن ماگنىت تېشى 4 مىسقال (دەسلەپ قاي-نىتىلىدۇ)، جۇيخۇا، خام ئەگرى سۇناي، ئالقاتلارنىڭ ھەر بىرىدىن 3 مىسقال، بەنشىيا 1 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (2) كوز ئىچكى بېسىمى ئۆرلەپ كېتىش كېسىلى (چىڭگۇاڭيەن) دە، كوز جەۋ-ھىرىگە ئاق چۈشۈشتە: سىجۇۋەن (磁珠丸) كۇمۇلچىدىن كۈ-نىگە 2 قېتىم، ھەر قېتىم 2 مىسقالدىن يېيىلسە بولىدۇ. (3) بورەك ئاجىزلىقتا گاسلىقتا، ۋە قۇلاق غۇڭۇلدىغاندا: كويدۇرۇلگەن ماگنىت تېشىدىن 1 سەر، ياۋا كەشمىر، مودەن يىلتىز پوستى، جۇيخۇا گۇلى-نىڭ ھەر بىرىدىن 3 مىسقال، خام ۋە پىششىق ئەگرى سۇناي 4 مىسقال، ئالىقات 5 مىسقال، سۇدا قاينىتىپ ئىچىلىدۇ.

**مىقدارى:** 3 — 5 مىسقال.

# سىر سۇرۇخ

## 朱砂 Zhu sha

**باشقا ئاتىلىشى:** سىماپ سۇلفات مەدىنى

**تونۇش:** بۇ سىماپ سۇلفات رۇدىسى بولۇپ، چوڭ - كىچىكلىكى بىر خىل بولمىغان دانىچە شەكلىدىكى توق قىزىل ياكى قارامتۇل قىزىل، پاقىراپ تۇرىدىغان سىدىنىدىن ئىبارەت.

**چىقىش ئورنى:** ئاقسۇ، ئۇلۇغچات قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** يىلنىڭ ھەر قانداق ۋاقىتلىرىدا مەدەننى قېزىۋالغاندىن كېيىن، سۇدا پاكىز چايقاپ يۇيۇپ، ماگنىت تېشى بىلەن بۇنىڭدىكى تومۇر ئارىلاشمىلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، يۇمشاق سوقۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى تاتلىق، تەبىئىتى سەل سوغاق، زەھەرلىك!
ئىچلاندۇرۇپ خاتىرجەم قىلىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) ئىچى تىتىلداپ، يۈرىكى ئېغىپ، ئۇخلىيالمىغاندا: سىر سۇرۇخ تالقىنى 5 فۇڭ (ئايرىم ئىچىلىدۇ)، مامۇرانچىن 2 مىسقال، قاقلانغان چۈچۈكبۇيا 1 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (2) باش قېيىش، يۈرەك ئېغىشتا، چوچۇپ بىئارام بولغاندا: سىرسۇرۇخدىن 1 سەر، ماگنىت تېشىدىن 2 سەر، ھەزىم ئېچىتقۇسىدىن 2.5 سەر ئېلىپ، بۇلارنى بىرلىكتە يۇمشاق سوقۇپ، يەنە 1.5 سەر ھەزىم ئېچىتقۇسى بىلەن كومۇلاچ قىلىپ، كۈنىگە 2 قېتىم ھەر قېتىمدا 2 مىسقال يېيىلىدۇ.

**مىقدارى:** 2 — 6 فۇڭ.

دىققەت: سىماپ بىلەن زەھەرلىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن مىقدارىنى ئاشۇرماسلىق ۋە داۋاملىق ئىشلەتمەسلىك لازىم.

# قىزىل تومۇرمەدىنى

## 赭石 Zhe shi

**تونۇش:** شەكلى ئوخشاش بولمىغان كاللەك مەدەن بولۇپ، قىزغۇچ خوما رەڭ، ئۈستىدە ئەمچەك تۈگمىسىدەك ئۆسۈكى بار. بۇ ئۆسۈكنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئاستىنقى يۈزىدە ئۆكمىسى بىلەن ئوخشاش چوڭلۇقتا ئويمان بولىدۇ، كەسمە يۈزى كۆپ قەۋەتلىك، جىسمى قاتتىق بولىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** كۆپ خىللىق كانلار ۋە تاغ جىنىسلىرى ئارىلىرىدىن تېپىلىدۇ. خېجىڭ، قەشقەر ۋە تۇلۇغچاتتىن چىقىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** يىلنىڭ ھەممە ۋاقىتلىرىدا يىغىۋېلىپ، خام ياكى كويدۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ. قىزىل تومۇر مەدىنىنى ئوتقا سېلىپ قىزارتىپ دەرھاللا ئاچچىقسۇ بىلەن سۇغۇرۇپ، بىر ئاز توختاتقاندىن كېيىن، سوزۇۋېلىپ يۇمشاق سوقۇپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى قېرىق، تەبىئىتى سوغاق، زەھەرسىز

تەتۇر يەلنى بېسىپ، قۇسۇشنى توختىتىدۇ، قان توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) كېكىرىش ۋە قۇسۇشلاردا: قىزىل تومۇر مەدىنى 5 مىسقال، بىرىتانىيە قارا ئەندىرى، قانتېپەرلەرنىڭ ھەربىرىدىن 3 مىسقال، خام زەنجىۋىل 2 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (2) جىگەرنىڭ مۇسپىلىگى كۆچىيىپ، كوز قاراڭغۇلىشىپ باش قايغاندا: قىزىل تومۇر مەدىنى 1 سەر، خام لوڭگو ھەر قايسىسىدىن 8 مىسقال، تاشپاقا قېپى 6 مىسقال، چوۋقا 3 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (3) ئىسسىغى ئېشىپ، قان قۇسۇش، بۇرۇن قاناشتا: قىزىل تومۇر مەدىنى 5 مىسقال، بەيماۋ يىلتىزى 1 سەر، كىچىك خۇخا، خام ئەگرى سونايىنىڭ ھەر قايسىسىدىن 4 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ.

**مىقدارى:** 0.5 — 1 سەر.

دىققەت: ھامىلىدارلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىش كېرەك.



uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

## 10. جىگەرنى تىنچلاندۇرۇپ، يەلنى باسىدىغان دورىلار

(平肝熄风药)

بۇ دورىلارنىڭ تىنچلاندۇرۇش، تارتىشىشنى بوشاشتۇرۇش قاتارلىق خۇسۇسىيىتى بار. بۇ دورىلار باش قېيىش، باش چىڭقىلىش، كوز قاراڭغۇلىشىش ھەم پۇت - قوللار تارتىشىپ قېلىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

# يادا تاش

马宝 Ma bao

**تونۇش:** بۇ كېسەل ئاتلارنىڭ ئاشقازان، ئۈچەي يوللىرىدىن چىقىدىغان بىر خىل تاش بولۇپ، كوپىنچە يۇمىلاق ياكى يالپاغراق يۇمىلاق بولىدۇ. چوڭلۇقى بىر خىل بولماستىن، كىچىكلىرى پۇرچاقتەك، چوڭلىرى مۇشتەك، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ بولىدۇ، سىرتىنىڭ رەڭگى سۇس ھاۋارەڭ، كۈلرەڭ ۋە قارا بولىدۇ، سىرتى سىلىق ۋە پاقىراپ تۇرىدۇ ياكى چاپىنالغان ئوتلارنىڭ ئىزى بولىدۇ، ئوزى تاشتەك قاتتىق كېسىلگەن يۈزىنىڭ رەڭگى بوز رەڭ قات ـ قات سىزىقلىرى بولىدۇ، ئىچىدىكىسى ئوخشاش سەل پاقىرايدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** كېسەل ئاتلارنىڭ ئاشقازان، ئۈچەي

www.uyghurkitap.com

يوللىرىدىكى تاشلارنى يىغىۋېلىپ پاكىز يۇيۇپ، سايىدا قۇرۇتۇپ، سوقۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى قېرىغراق - تۇزلۇغراق تاتلىق، تەبىئىتى سوغاققا مايىل، زەھەرسىز. ئىسسىقنى قايتۇرۇپ، زەھەرنى تارقىتىدۇ، چوچۇشنى باسىدۇ، بەلغەمنى يۇمشىتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** سۇ چېچەك، قۇلاق ئاستى بەز ياللۇغى، تۇتقاقلىق، بالىلاردىكى تارتىشىشلاردا: 2 فۇڭ يادا تاشنى يۇمشاق سوقۇپ ئىچىلىدۇ.

**مىقدارى:** 1 - 3 فۇڭ.

**قوشۇمچە:** بوز ئات قۇيرۇغى (白马尾) چىش تارتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مۇۋاپىق مىقداردىكى بوز ئات قۇيرۇغىنى ئېلىپ، تەبىئىتىنى ساقلاپ قالغىدەك قىلىپ كۆيدۈرۈپ (سارغىيىپ ئۇچلىرى ئېگىلگىچە كۆيدۈرۈلىدۇ)، يۇمشاق سوقۇپ 95% لىق ئىسپىرت بىلەن خېمىر ھالىغا كەلتۈرۈپ، تارتىلىدىغان چىشنىڭ تۈۋىگە سۈرۈپ بىر قانچە مىنۇتتىن كېيىن، چىشنىڭ تۈۋىدە كۆيۈشۈش ھېس قىلىنىپ، قورۇقلار كۆرۈنگەن چاغدا، چىش مۇلكىنى ئاجرىتىپ، چىش ئامبۇرى بىلەن ئاغرىق چىش تارتىۋېلىنىدۇ.

## سازاڭ

### 地龙 Dilong

باشقا ئاتىلىشى قىزىل قۇرۇت

**چىقىش ئورنى:** نەم، بوش، لاي تۇپراقلىق جايلاردا كۆپ بولىدۇ. كۆپىنچە يامغۇردىن كېيىن تۇپراقتىن چىقىپ ھەرىكەتلىنىدۇ. رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورىغا سازاڭنىڭ پۈتۈن تېنى

ئىشلىتىلىدۇ. ئەتىياز، ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە تۇتۇلىدۇ ياكى قىزىد-
ۋېلىنىدۇ ياكى ھول سۇ قامچا ئوتىنى ئېزىپ خېمىر ھالىغا كەل-
تۈرۈپ، بۇنىڭغا چاي ۋە سۈزۈك سۇ قوشۇپ سازاڭ كوپ جايغا
قويۇلسا، سازاڭلار ئۆزلىگىدىن چىقىدۇ. بۇنى يېڭى بويىچە ياكى
كۆل بىلەن ئۇجۇقتۇرۇپ ئولتۇرۇپ، كۆلدىن ئايرىۋېلىپ ئاپتاپتا
قۇرۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى تۇزلۇق، تەبىئىتى سوغاق، زەھەرسىز.
ئىسسىقنى قايتۇرىدۇ، چوچۇشنى باسىدۇ، سۈيدۈك راۋان قىلىدۇ،
زەھەرنى كېسىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** ( 1 ) يۇقۇرى قىزىتمىلىق تارتىشىشلاردا: سازاڭ
5 مىسقال، چايان 1 مىسقال، قۇنۇپ 4 مىسقال، ئۈچقات 4 مىسقال،
ليەنچاۋ 3 مىسقال قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. ( 2 ) كانايچە ياللۇغىدا،
زىققىدا: سازاڭدىن 5 مىسقال، ئورۇك مېغىزىدىن 3 مىسقال
ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ بىر كۈندە 2 قېتىم ھەر قېتىمدا 2
مىسقالدىن ئىچىلىدۇ. ( 3 ) قۇلاق ئاستى بەز ياللۇغىدا: تىرىك
سازاڭنى پاكىزە يۇيۇپ، تەخسىگە قويۇپ ئۈستىگە مۇۋاپىق مىق-
داردا شېكەر سېپىپ، بۇنىڭدىن بولۇنۇپ چىققان سۇغا داكىنى چىلاپ
ئاغرىق جايغا چاپلىنىدۇ. داكا قۇرۇغاندا ئۇدۇللۇق يوتكەپ تۇرۇ-
لىدۇ. ( 4 ) سۇت بېزى ئىششىغى، بەلۋاغسىمان قوقاقلاردا: سازاڭ
5 دانە، قازان كۈيىسى 4 مىسقال، يۇمشاق سوقۇپ گۈنجۇت
يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئەتىگەن ۋە كەچتە بىر قېتىمدىن يارا
ئورنىغا چېپىلىدۇ. ( 5 ) يۇقۇرى قان بېسىمىدا: سازاڭنى ئوتتا
قاقلاپ قۇرۇتۇپ، يۇمشاق، سوقۇپ كۈنىگە 2 - 3 قېتىم ھەر قېتىم
بىر مىسقالدىن ئىچىلىدۇ.

**مىقتارى:** 1.5 — 3 مىسقال.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# پىلە قۇرۇتى

## 僵蚕 Jiang can

### پىلە قۇرۇت مايىقى (蚕沙)

**چىقىش ئورنى:** رايونىمىزنىڭ ھەممە يېرىدىن چىقىدۇ. خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىن كۆپرەك چىقىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** پىلىنىڭ ئۇششاق قۇرۇتلىرى بەيجاڭجۇن باكتېرىيىسى (白僵菌) بىلەن يۇقۇملىنىپ ئۆلگەندىن كېيىنكى قۇرۇپ قالغان پىلە (پىلە قۇرۇتى) ۋە پىلىنىڭ ماياقلىرى دورا ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. كېسەللىنىپ ئۆلگەن پىلە قۇرۇتلىرىنى ھاكىنىڭ ئىچىگە سېلىپ، سۈيىنى شۈمۈرگۈزۈپ چىقىرىۋېتىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتقاندىن كېيىن، كېپەك بىلەن قورۇپ ئىشلىتىلىدۇ. پىلە مايىقى، پىلە قۇرۇتىنىڭ 2 ـ 3 ـ ئۇيقۇلانغان ۋاقتىدا چىقارغان ماياقلىرى بولۇپ، بۇلارنى يىغىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ تازىلاپ ئىشلىتىلىدۇ، غوزەكنى تېشىپ چىقىش ئالدىدىكى غوزەك قۇرۇتلىرىمۇ دورا بولىدۇ (223 ـ رەسىمگە قاراڭ).

**تەبىئىتى:** پىلە قۇرۇتىنىڭ تەمى ئاچچىقراق تۇزلۇق، تەبىئىتى موتىدىل، زەھەرسىز. ئىسسىق يەلنى چىقىرىدۇ، چوچۇشنى باسىدۇ، بەلغەم يۇمشىتىدۇ. پىلە مايىقىنىڭ تەمى ئاچچىغراق تاتلىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز. يەللەرنى ھەيدەپ، ھوللۇقنى قۇرۇتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) بالىلارنىڭ چۆچۈشىدە: پىلە قۇرۇتى 3 مىسقال، چايان 3 مىسقال، چوچۇكبۇيا 2 مىسقال،

سىرسۇرۇخ 1 مىسقال، يۇمشاق سوقۇپ ئۇن بىلەن خېمىر قىلىپ، سېرىق پۇرچاق چوڭلۇقىدا كۇمۇلاچ ياساپ بىر ياشقا تولغان باللارغا 2 كۇمۇلاچ بېرىلىدۇ. (2) يۈز نېرۋىلىرىنىڭ پارالىچىدا: پىلە قۇرۇتى، چايان ۋە ئاق پارپا (白附子) نىڭ ھەر بىرىدىن ئوخشاش مىقداردا ئېلىپ، ئايرىم - ئايرىم قورۇپ سارغايتىپ، بىرگە قوشۇپ يۇمشاق سوقۇپ كۈنىگە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 1 مىسقالدىن سېرىق ھاراق ياكى زەنجىۋىل سۈيى بىلەن ئىچىلىدۇ. (3) بالىياتقۇنىڭ پائالىيەتچان قانىشىدا: 2 مىسقال پىلە مايىقىنى قارايغىچە قورۇپ، يۇمشاق سوقۇپ سېرىق ھاراق بىلەن ئىچىلىدۇ. (4) رېماتىزىم، قول - پۇتلار كۆيۈشۈپ ئاغرىغاندا: 1 سەر پىلە قۇرۇت مايىقىنى سۇدا قاينىتىپ، 5 مىسقال ھاراق قوشۇپ، 3 كە بۆلۈپ ئىچىلىدۇ. (5) تۇتقاقلىقتا: 68 دانە غوزەك قۇرۇتىنى يۇيۇپ تازىلاپ، بۇنىڭغا سوغاق سۇ ۋە مۇۋاپىق مىقداردا ناۋات قوشۇپ، ھورلاپ پىشۇرۇپ، بىر قېتىمدا يېيىلىدۇ. كېسەل تۇتۇشتىن بۇرۇن يېيىلسە تېخىمۇ ياخشى. (6) قان ئارىلاش تەرەت قىلىش، قان سىيىش، بالىياتقۇ قاناشلىرىدا: پىلە قۇرۇت تېرىسىنى (پىلە قۇرۇتىنىڭ تاشلىغان تېرىسى) قورۇپ سوقۇپ تالقانلاپ، كۈنىگە 2 قېتىم ھەر قېتىم 1 مىسقالدىن قايناقسۇ بىلەن ئىچىلىدۇ.

**مىقدارى:** 2 — 4 مىسقال.

# چايان

## 全蝎 Quanxie

**چىقىش ئورنى:** [illegible]

نەم قاراڭغۇ جايلاردا ماكانلىشىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆپرەك ئۇچرايدۇ (224 - رەسىمگە قاراڭ).

www.uyghurkitap.com

**يىغىپ تەييارلاش:** پۈتۈن تېنى دورا بولىدۇ. كەچ باھاردىن باش كۈزگە قەدەر تۇتۇپ، سۇغا سېلىپ ئۇجۇقتۇرۇپ ئولتۇرگەندىن كېيىن سۈزۈۋېلىپ، قايتا تۇز سۈيىگە سېلىپ (ھەر بىر جىڭ چايان ئۈچۈن 2 - 3 سەر تۇز قوشۇلىدۇ) 3 - 4 سائەت قايناتقاندىن كېيىن سۈزۈۋېلىپ، شامال تېگىپ تۇرىدىغان سايىدا قۇرۇتۇلىدۇ.

**تەبىتى:** تەمى ئاچچىغراق تۇزلۇق، تەبىتى مۆتىدىل، زەھەرلىك! يەلنى ھەيدەپ، تارتىشىشنى يېشىدۇ. چايان قۇيرۇغىنىڭ تەسىرى تېخىمۇ كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** بالىلارنىڭ تارتىشىشىدا (تارتىشىپ كىرىشىپ قېلىش، ئارقىسىغا تارتىشىپ كېتىش) تە: چايان 2 - 5 فۇڭ، پىلە قۇرۇتى 3 مىسقال، سازاڭ 2 مىسقال، تيەنما 1 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (2) يارىتا پالەچ، تىلى تۇتۇلۇش، ئېغىز - بۇرۇن مايماقلىشىشتا: چاياندىن 2 مىسقال، سەكسەن پۈتىنى 1 تال، دورىلىق ئەگلەك ئوت 3 مىسقال ئېلىپ، بۇلارنى سارغايغىچە قورۇپ يۇمشاق سوقۇپ كۈنىگە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 2.5 مىسقالدىن سېرىق ھاراق بىلەن ئىچىلىدۇ. (3) قولاق ئاستى بەز ياللۇغىدا: چايانى گۈنجۈت يېغى بىلەن قورۇپ، كۈنىگە 2 قېتىم ھەر قېتىم بىر داندىن ئۇدا 2 كۈن يېيىلىدۇ. (4) باشنىڭ بىر تەرىپى ئاغرىغاندا: چايان 5 فۇڭ، سازاڭ 1 مىسقال، چۈچۈكبۇيا 5 فۇڭ ئېلىپ، بۇلارنى يۇمشاق سوقۇپ كۈنىگە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 1 مىسقال ئىچىلىدۇ. سىرتقا ئىشلەتكەندە چايان ۋە سوپۇن دەرىخى تىكىنىدىن تەڭ مىقداردا قوشۇپ يۇمشاق سوقۇپ ئاغرىق جايغا چاپلاپ قويۇلىدۇ.

**مىقدارى:** چايان 0.8 - 1.5 مىسقال. چايان قۇيرۇقى 3 - 5 فۇڭ. تېنى ئاجىز كىشىلەر ئىشلىتىشتە ئېھتىيات قىلىشى لازىم.

# ئۇغرى تىكەن

## 蒺藜 Jili

**باشقا ئاتىلىشى:** تومۇر تىكەن، چاھار پۇتى ئاسمانى

(ئۇغرى تىكەن ئائىلىسى، ئۇغرى تىكەن ئۇرۇغىدىشى)

**تونۇش:** (1) بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، كۆپ شاخلىنىدۇ. يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ. ئۇزۇنلۇغى 30 - 60 سانتىمېتىر، پۈتۈن تېنىدە ئاق يۇمشاق تۈكلەر بولىدۇ. (2) يوپۇرمىغى ئۇدۇل ياكى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدىغان جۈپ سانلىق پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق. (3) گۈللىرى سېرىق قولتۇغىدىن يالغۇز ئۆسىدۇ. مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن يېرىلىدۇ ۋە ھەر بىر مېۋىدە بىر جۈپتىن ئۇزۇن ۋە قىسقا تىكەنلىرى بولىدۇ (225 - رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۆسۈش ئورنى:** دەريا بويلىرىدا، داللاردا ۋە قۇم دۆۋىلىرىدە ئۆسىدۇ. رايونىمىزنىڭ ھەممە جايىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورا ئۈچۈن مېۋىسى ئىشلىتىلىدۇ. كۈز پەسلىدە مېۋىسى پىشقاندا ئورۇپ مېۋىسىنى قېقىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ خام ياكى تۇز سېلىپ قورۇپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ يوپۇرماق مايسىسىمۇ دورا بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى قىرىق. تەبىئىتى ئ[illegible]ەققا مايىل. زەھەرسىز. جىگەرنى ياشارتىدۇ. يەلنى تارقىتىدۇ، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، قاننى ماگدۇرىدۇ، قىچىشىشنى باسىدۇ.

www.uyghurkitap.com

**ئىشلىتىلىشى:** (1) كوز بىرىكتۈرگۈچى پەردىسىنىڭ ئۆتكۈر ياللۇغىدا: ئۇغرى تىكەن 4 مىسقال، جويخۇاگۇل 2 مىسقال تاجىگۇل ئۇرۇغى 3 مىسقال، قىرىق سوغۇم 3 مىسقال، پونۇس 3 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (2) كوز مۇڭگۈزلۈك پەردىسى بۇلۇتلىشىپ قالغاندا: ئۇغرى تىكەن 2 مىسقال، جۈيخۇاگۇل 3 مىسقال، چىرىلداق قېپى 1 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ ياكى يۇمشاق سوقۇپ كۇنىگە 2 قېتىم ھەر قېتىمدا 2 مىسقالدىن ئىچىلىدۇ. (3) ئېشەك يېمىدە، تېرە قىچىشىشتا ئۇغرى تىكەن 3 مىسقال، كەۋرەك 3 مىسقال، چىرىلداق قېپى 2 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ.

**مىقتارى:** 1.5 — 3 مىسقال.

# دىگزىيا

## 牛黄 Niu huang

**باشقا ئاتىلىشى:** كالا ئۆت تېشى

**تونۇش:** بۇ ئۆت تېشى بىلەن ئاغرىغان كالىلارنىڭ ئۆت خالتىسى، ئۆت كانىلى ۋە ئۆت يوللىرىدا ئۇچرايدىغان تاش بولۇپ، كوپىنچە تۇخۇمسىمان، شارسىمان، ئۇچ بۇرجەك ياكى چاسا شەكىللەردە بولىدۇ. ئاز ساندىكىلىرى نەيسىمان ياكى دانىچەسىمان بولىدۇ. سىرتى سېرىق ياكى خومارەڭ سېرىق بولۇپ، كەسمە يۈزىدە قەۋەت-قەۋەت سىزىقلىرى بولىدۇ. پۇرىقى خۇشبۇي، تەمى دەسلەپتە سەل قېرىق. كېيىنچە تاتلىق تۇيۇلىدۇ، تىل ئۇستىگە قويۇلسا سالقىنلىق ھېس قىلدۇرىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** ئۆت تېشى كېسەللىكى بىلەن ئاغرى-

غان كالىلارنى سويغاندا، ئۇنىڭدىكى ئوت تاشلىرىنى چىقىرىۋېلىپ، (ئۈزۈلۈپ كەتمەسلىك كېرەك)، پاختىغا ياخشى يوگەپ، پوستى بىر ئاز قېتىشقىچە سايىدا قۇرۇتۇپ، ئاندىن يىپ بىلەن باغلاپ سايىغا ئېسىپ قۇرۇتۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى تاتلىقراق قېرىق، تەبىئىتى سوغاققا مايىل، ئازراق زەھەرلىك؛ ئىسسىقنى قايتۇرۇپ، زەھەرنى تارقىتىدۇ. چوچۇشنى باسىدۇ، يوللارنى ئاچىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەللەردىكى يۇقۇرى قىزىتما، ھوشىدىن كېتىش، تارتىشىش، جۆيلۈش، تىپىرلاپ بىئارام بولۇش، بالىلاردىكى ئىسسىقلىق ئەۋجىگە ئېلىشتىن بولغان تارتىشىشلاردا: دېڭزېيا 2 فۇڭ (ئايرىم ئىچىلىدۇ)، مامىرانچىنى 5 مىسقال، چايان 5 فۇڭ، سىرسۇرۇخ 1 مىسقال (ئايرىم ئىچىلىدۇ) قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (2) بۇۋاق ھول تەمرەتكىسىدە دېڭزېيا 1 فۇڭ، (ئايرىم ئىچىلىدۇ)، چۇچۇكبويا 2 مىسقال، ئۆچقات 3 مىسقال، قامچا، ئوت 2 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (3) سىرتقا ئىشلەتكەندە، گال ئاغرىقلىرى، ئېغىز يارىلىرى، غەلۋىرەك، چىقان قاتارلىق يارىلارنى ساقايتىدۇ.

**مىقدارى:** 1 — 2 فۇڭ.

**مەنئى قىلىنىشى:** ھامىلدار ئاياللارغا ئىچىش مەنئى قىلىنىدۇ.

# 11 - قۇۋەت بەرگۈچى دورىلار

(补益药)

قۇۋەت بەرگۈچى دورىلار ــ بەدەنگە قۇۋەت بەرگۈچى، قاننى قۇۋەتلەندۈرگۈچى، موسكۇللارغا ياردەم بېرىپ، مەنپەئەتلىكنى ئاسرايدىغان دورىلار. بۇ دورىلار ماغدۇرسىزلىق، دېمى سىقىلىش، سوزۇلغان ماغدىرى بولماسلىق، ئۆزلۈكىدىن تەرلەش، ئىچى ئۆتۈش، بالىياتقۇ تۆۋەنلەپ كېتىش، قان ئازلاپ چىراي سارغىيىش، كالپۇك ۋە تىرناقلارنىڭ ئاقىرىشى، باش قېيىش، يۈرەك ئېغىش، ھېيىز تەڭشەلمەسلىك، مۇسكۇللىرى ئاجىزلىغىدىن كېلىپ چىققان قول پۇتى توڭلاپ سوغاقتىن قورقۇشى، ئەرلىك جىنسى ئاجىزلىق، ئىچى تىلا، بەل سىرقىراش، كوپ سىيىش، مەنپەئەتلىكى ئاجىزلىغىدىن كېلىپ چىققان قۇرۇق يۆتەل، ساختا ئىسسىقلىق، ئوغرى تەر قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## بەدەنگە قۇۋۋەت بەرگۈچى دورىلار

(补气药)

# قان تېپەر (شىنجاڭ قان تېپەرى)

## 党参 dang shen

**باشقا ئاتىلىشى:** تورسۇلداق، سۇغۇر سېسىق ئوتى

(قوڭغۇراق گۈللۈكلەر ئائىلىسى، قان تېپەر گۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** (1) كۆپ يىللىق ساماﻥ غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئېگىزلىكى 50 — 100 سانتىمېتىر، سېسىق پۇرايدۇ. (2) يىلتىزى توم، شەكلى موكىغا ئوخشايدۇ، يۇقۇرى ئۇچىدا ھالقىلىق سىزىقلىرى بولىدۇ. كېسىلگەن يۈزى ئاق بولىدۇ. ئوق غولى كۆپ شاخلىنىدۇ. (3) يوپۇرمىغى ئۇدۇل ئۆسكەن ياكى نۆۋەتلىشىپ ئۆسكەن، سېپى قىسقا، شەكلى تۇخۇمسىمان ياكى كەڭ تېمنەسىمان بولۇپ، يۇقۇرى قىسمىدىكى يوپۇرماقلىرى تەدرىجى كىچىكلەيدۇ. (4) گۈلى شېخىنىڭ ئۇچىدىن ياكى يۇقۇرى قىسمىدىكى يوپۇرماق قولتۇقىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. شەكلى قوڭغۇراقسىمان رەڭگى ئاقۇش كۆك كېلىدۇ. غوزەك مېۋىسى 3 كە بۆلۈنىدۇ، مېۋىسى پىشقاندا گۈل كاسىسى چۈشۈپ كەتمەيدۇ (226 — رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۆسۈش ئورنى:** تاغ جىلغىلىرى، تاغ باغرىدىكى ئورمانلىق قاتارلىق نەم جايلاردا ئۆسىدۇ. تيانشان، ئالتاي ۋە كۈنلۈن تاغلىرىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورا ئۈچۈن يىلتىزى ئىشلىتىلىدۇ، كۈز پەسلىدە قېزىۋېلىنىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى تاتلىق، تەبىئىتى موتىدىل، زەھەرسىز. تال ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. قان - قۇۋۋىتىنى تولۇقلايدۇ. خىلىت ھاسىل قىلىپ، ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) تال ئاشقازان ئاجىزلىقىدا، ئىشتەي تۇتۇلۇپ ئاجىزلىغاندا: قان تېپەر 7 مىسقال، بەيجۇ 3 مىسقال، چۇچۇكبۇيا 1 مىسقال، قايناتىپ ئىچىلىدۇ. (2) قان ئازلىقتا: قان تېپەر 5 مىسقال، ئىشلەنگەن كەتىرا 1 سەر، ئاق چۇغلۇق 3 مىسقال، ئالقات 5 مىسقال، ئېشەك يېلىمى 3 مىسقال، ئىشلەنگەن چۇچۇكبۇيا 1 مىسقال، چوڭ چىلان 3 دانە، قايناتىپ ئىچىلىدۇ. (3) بالىلارنىڭ ئىشتەيى تۇتۇلۇشتا: قان تېپەر 3 مىسقال، كومۇرلەنگەن بەيجۇ 1 مىسقال، چۇچۇكبۇيا 1 مىسقال، كومۇرلەنگەن دولانە 2 مىسقال، ئارپا ئۈندۈرمىسى 2 مىسقال، قايناتىپ ئىچىلىدۇ.

**مىقتارى:** 3—4 سەر.

**قوشۇمچە:** لۇئەن قان تېپەرى (潞党参) بۇنىڭ ئۇرۇغى سەنشىدىن يۆتكەپ كېلىنىپ غۇلجىدا تېرىلماقتا، ياخشى ئۇسۇۋاتىدۇ.

# كەتىرا

## 黄芪 Huang qi (近缘黄芪)

(پۇرچاق ئائىلىسى، كەتىرا ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** (1) كۆپ يىللىق ئامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئېگىزلىكى 50 — 80 سانتىمېتىر. (2) ئوق يىلتىزى ئۇزۇن، شەكلى تۈۋرۈكسىمان بولىدۇ. غولى تىك، سىرتى شالاڭ، ئاق تۈكلەر

بىلەن قاپلانغان. ( 3 ) بوپۇرمىغى نوۋەتلىشىپ ئۆسكەن تاق سانلىق پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، ئۇششاق يوپۇرماقلىرى كىچىكرەك، سانى 17 - 29 غا قەدەر بولۇپ، تۇخۇمسىمان تېمىنە شەكلىدە، تولۇق گىرۋەكلىك كېلىدۇ، قوشۇمچە يوپۇرمىغى 3 بۇرجەكلىك تېمىنە شەكلىدە بولىدۇ. ( 4 ) ئومۇمى گۈل رېتى ئۇچىدا ياكى قولتۇغىدا ئۆسىدۇ. گۈل رېتى قىسقا، گۈللىرى زىچ، كېپىنەكسىمان، رەڭگى سۆس سېرىق، ئومۇمى گۈل سېپى نىاھايىتى ئۇزۇن بولىدۇ. گۈل كاسىسى قوڭغۇراققا ئوخشايدۇ، قارا تۈكلىرى بولىدۇ. قاسىراقلىق مېۋىسى كوپۇپ چوكىيىپ پۇۋەككە ئوخشايدۇ، ئۇرۇغى ئۇششاق بورەكسىمان، رەڭگى قارا (227 – رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۆسۈش ئورنى** تاغ ئورمانلىقلىرىدىكى ئوچۇقچۇلۇقتا، ئورمان بويلىرىدا، چاتقاللىقلاردا كوپ ئۆسىدۇ. ئالتاي، تارباغاتاي رايونلىرىدىن كوپ تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** يىلتىزى دورا بولىدۇ. ئەتىياز ۋە كۈز پەسلىدە قېزىۋېلىپ، چاچما يىلتىزى ۋە لاي توپىلارنى تازىلىۋېتىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، تولۇق نەمدەپ، يالپاغلاپ توغراپ خام بويىچە ياكى ھەسەل قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىتى:** تەمى تاتلىق، تەبىتى ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز، تاش بەدەننى چىڭىتىپ، قۇۋۋەت بېرىدۇ، تەرلەشنى توختىتىدۇ، ھارام ئەتلەرنى يوقىتىپ، ئەت ئۇندۇرىدۇ. سۈيدۈكنى راۋان قىلىدۇ، ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ. خام ئىشلەتكەندە تاش بەدەننى چىڭىتىپ تەر توختىتىش تەرىپىگە مايىل بولىدۇ، ئوت بىلەن جىياگۈك قىلىپ ئىشلىتىلسە تال ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش تەرىپىگە مايىل بولىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** ( 1 ) ئۇزۇن مۇددەتلىك كېسەل ئازاۋىدىن بەدەن ئاجىزلاشقاندا: كەتىرادىن 2 سەر، قان تېپەردىن 1 سەر ئېلىپ قوي گوشى بىلەن شورپا قىلىپ ئىچىلىدۇ. ( 2 ) سوكى چەـ

قىسىپ قىلىش ۋە بالىياتقۇ چىقىشىپ قىلىشتا: كەتىرا 5 مىسقال، قان تېپەر 3 مىسقال، پەربۇن 2 مىسقال، قايىنىتىپ ئىچىلىدۇ. (3) بۆرەك ياللۇغىدىن بولغان سۈلۈق ئىششىقلاردا: خام كەتىرا 1 سەر، تاۋۇز شاپىغىنىڭ شوپىگى 2 سەر، توشقان زەدىگى 4 مىسقال، قايىنىتىپ ئىچىلىدۇ. (4) ئاددىي ئىششىقلاردا: كەتىرا 5 مىسقال، قان تېپەر 5 مىسقال، بەيجۇ 3 مىسقال، بۇغا مۈڭگۈز يېلىمى 5 مىسقال (ئايرىم ئېرىتىپ ئىچىلىدۇ) پاقا يوپۇرماق ئۇرۇغى 5 مىسقال، چوڭ چىلان 5 دانە، قايىنىتىپ ئىچىلىدۇ. (5) غەلۋىرەك ئۇزۇنغىچە ئېغىز ئالمىغاندا: كەتىرا 5 مىسقال، داڭگۈي 3 مىسقال، ئۇچقات 5 مىسقال، سوپۇن دەرەخ تىكىنى 2 مىسقال، ئاچچىق تاۋۇز يىلتىز تالقىنى 3 مىسقال، بەيجۇ 3 مىسقال، چۈەنچۇڭ 3 مىسقال، ياۋا كەشىر 3 مىسقال، چۈچۈكبۇيا 1 مىسقال، قايىنىتىپ ئىچىلىدۇ. (6) ھېيىز توختاپ قالغاندا رەڭگى سارغىيىپ، بېشى قېيىپ، يۈرەك سېلىپ، نەپەس سىقىلىپ، بەل پۇتلىرى سىقىراپ ئاغرىغاندا: كەتىرا 5 مىسقال، داڭگۈي 5 مىسقال، لېپەكگۈل 4 مىسقال، قايىنىتىپ ئىچىلىدۇ. (7) تاش بەدەن ئاجىزلىقىدىن بولغان تەرلەشتە: كەتىرا 3 مىسقال، بەيجۇ 3 مىسقال، كەۋرەك 2 مىسقال، قايىنىتىپ ئىچىلىدۇ.

**مىقدارى:** 2 — 5 مىسقال.

**قوشۇمچە: مۇنچاق قوراي** (岩黄芪) (پۇرچاق ئائىلىسى، مونچاق قوراي ئۇرۇغدىشى) (228 - رەسىمگە قارالسۇن).

ئاساسىي ئالاھىدىلىكى: قوشۇمچە يوپۇرمىقى پەردىلەشكەن، خورمارەڭ، گۈلى بېغىرەڭ. قاسراقلىق مېۋىسى ياپىلاق تەسۋىسىمان، سىرتىدا تورسىمان سىزىقچىلىرى بولۇپ، گىرۋەكلىرىدە تارقاناتلىرى بولىدۇ. ئاساسەن ئالتاي، تيانشان تاغلىرىدىن چىقىدۇ.

**ئاقسۇ كەتىراسى** (阿克苏黄芪) (229- رەسىمگە قارالسۇن). ئالاھىدىلىكى: كىچىك ياپراقچىلىرى چوڭراق، ئۇزۇنلۇقى 2-4 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 1 - 1.5 سانتىمېتىر، تۇخۇمسىمان تېمىنە شەكلىدە، كىچىك ياپراقچىلىرى ئادەتتە 7 تال بولىدۇ. قاسراقلىق

مېۋىسى كەتىرا مېۋىسىدىن چوڭراق، سىرتىنى پەردە قاپلاپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ. يىلتىزسىمان غولىنىڭ ئۇچىدا ھالقىلىق سىزىقچىلىرى بولىدۇ.

( 3 ) **خېلەنشەن كەتىراسى** ( 贺兰山黄芪 ) ( 230 - رەسىمگە قاراڭ ). ئالاھىدىلىكى: كىچىك ياپراقچىلىرى تەتۈر يۈرەكسىمان، قاسىراقلىق مېۋىسى ئۇزۇن بولۇپ خۇددى نوخۇتقا ئوخشايدۇ. ئۇچى ئۇچلۇق بولىدۇ، سىرتىدا تورسىمان سىزىقلىرى، ئىچىدە ئايرىغۇچى پەردىسى بولىدۇ، تيانشاننىڭ تاغلىق رايونلىرىدىن چىقىدۇ.

( 4 ) **ئىلى كەتىراسى** ( 伊犁黄芪 ) ( 231 - رەسىمگە قاراڭ ). ئالاھىدىلىكى: كىچىك ياپراقچىلىرى 5 - 7 جۈپ، شەكلى ئۇزۇنراق سوقۇچاق ياكى تۇخۇمسىمان تېمىنە شەكلىدە بولۇپ، كەينى تەرەپتە ئاق تۈكلىرى بولىدۇ. يۇقۇرقىلاردىن باشقا رايونىمىزدا **دۇڭبېي كەتىراسى** ( 东北黄芪 ) ، **ئىچكى موڭغۇل كەتىراسى** ( 内蒙黄芪 ) يېتىلەپ تېرىلماقتا، ياخشى ئۆسۈۋاتىدۇ. يۇقۇرىدا ئېيتىلغانلارنىڭ ھەممىسى كەتىرا سۈپىتىدە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

# قىزىل مېۋىلىك شاقاقۇل

## 黄精 Huang jing

( پىياز ئالمىسى، شاقاقۇل ئۇرۇغدىشى )

**تونۇش:** ( 1 ) كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، تەخمىنەن 60 سانتىمېتىرچە ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. ( 2 ) يىلتىزسىمان غولى تۈگۈنچىگە ئۆسىدۇ. بوغۇملىرى ۋە چاپچا يىلتىزلىرى بولىدۇ، رەڭگى سۈس سېرىق كېلىدۇ. غولى يەككە تىك ئۆسىدۇ. ( 3 ) يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ياكى ئايلانمىراق ئۆسىدۇ، سېپى بولمايدۇ، يېپسىمان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تېمىنە شەكلىدە بولىدۇ. (4) گۈلى كانايسىمان، رەڭگى سۇس سوسۇن بولۇپ، ئادەتتە قولتۇقىدىن 2 تالدىن ئۇسۇپ چىقىدۇ. شىرنىلىك مېۋىسى شار شەكلىدە، رەڭگى قىزغۇچ بولىدۇ (232 - رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۇسۇش ئورنى:** تاغ باغرىدىكى ئورمانلىقلاردا ياكى چاتقاللىقلاردا ئۇسىدۇ، تيانشان، ئالتاي، كۇئىنلۇن تاغلىرىنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** بۇنىڭ يىلتىزسىمان غولى دورا بولىدۇ. ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە قېزىۋېلىپ تازىلاپ، چاچما يىلتىزلىرىنى ئېلىۋېتىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، توغراپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى تاتلىق، تەبىئىتى موتىدىل، زەھەرسىز. يۈرەك، ئۆپكىنى ھوللەشتۈرىدۇ. خىلىت ھاسىل قىلىپ، ئاشقازاننى ئاسرايدۇ، ئىمالىك ۋە دەنىمى كۆپەيتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) تومۇر ماددىسى يېتىشمەسلىكتىن بولغان قان ئازلىقتا: قىزىل مېۋىلىك شاقاقۇل 1 سەر، قارا مۇئېر (黑木耳) 1 سەر، چىلان 30 دانە، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (2) ئۇزۇقلۇق يېتىشمەسلىكتىن بولغان قان ئازلىقتا: قىزىل مېۋىلىك شاقا قول 5 مىسقال، نىلوپەر ئۇرۇقى 3 مىسقال، ئاق چۈغلۇق 3 مىسقال، قان تېپەر 3 مىسقال، ئېشەك يېلىمى 3 مىسقال (ئايرىم ئېرىتىلىدۇ) قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (3) قان ئازلىقتا: قىزىل مېۋىلىك شاقاقۇل ۋە داڭگۈينىڭ ھەر بىرىدىن 4 سەر ئېلىپ، بۇنى 2 سەر ياخشى ھاراق بىلەن ھوللاتقاندىن كېيىن ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ سوقۇپ چىكىملەنگەن ھەسەل بىلەن 3 مىسقاللىق كۆمۈلاچ ياساپ، كۈنىگە 2 قېتىم ھەر قېتىمدا بىر كۆمۈلاچتىن يېيىلىدۇ. (4) ئۆپكە سىلى قىزىتمىسىدا: قىزىل مېۋىلىك شاقا قول 5 مىسقال، ئالىقات يىلتىز پوستى 3 مىسقال، تەسۋى قوناق 3 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (5) پۇت تەمرەتكىسى ۋە يوتا تەمرەتكىسىدە:

بىرىم جىڭ قىزىل مۇئىلىك شاقاقۇلنى سۇدا قاينىتىپ مەلھەم ھالغا كەلتۈرۈپ، سىرتقا سۈركىلىدۇ. (6) تال ئاشقازان ئاجىزلىقى ۋە ئۆپكە ئىسسىقى ئېشىپ كەتكەنلىكتىن بولغان يۆتەلدە، ئادەتتىكى مىقتارى بويىچە ئىشلىتىلىدۇ. ئۆپكە سىلىدىكى قان تۈكۈرۈشتە: شاقا- قۇل 4 سەر، گۈلسامساق يېرىم جىڭ، غاز ئۆتى 2 سەر، بۇلارنى ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ سوقۇپ، چىكىلىدىغان ھەسەل بىلەن كۆمۈلاچ ياساپ، كۈنىگە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 مىسقالدىن يېيىلىدۇ.

**مىقتارى:** 3—4 مىسقال.

**ئىزاھات:** قىزىل مۇئىلىك شاقاقۇل ئەسلىدە شاقاقۇل (玉竹 – polygonatum officinale All) بىلەن بىر ئۇرۇق- داشتىكى ئوسۇملۇك. بىراق شەكلى شاقاقۇلدىن كۆپ پەرقلىنىدۇ. رايونىمىزنىڭ بەزى جايلىرىدا قىزىل مۇئىلىك شاقاقۇل، شاقاقۇل ئور- نىدا ئىشلىتىلمەكتە.

## بەيجۇ

## 白术 Bai zhu

(مۆرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسى، بەيجۇ ئۇرۇقدىشى)

**تونۇش:** (1) كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئوسۇملۇك، ئېگىزلىكى 30 — 60 سانتىمېتىر. (2) يىلتىزسىمان غولى سېمىز مۇشتقا ئوخشاۋراق كەتكەن، قوۋزىقى كۈلرەڭ ساغۇچ، غولى تىك بولۇپ، يۇقۇرى قىسمىدىن شاخلىنىدۇ. (3) يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. غولىنىڭ تۆۋەن قىسمىدىكى يوپۇرماقلىرى ئۈچ چوڭقۇر يېرىلغان. يۇقۇرى قىسمىدىكى يوپۇرماقلىرى يېرىلمىغان، بىر ئاز چوڭراق، شەكلى تۇخۇمسىمان نەيزە شەكلىدە بولۇپ، گىرۋەكلىرىدە تىكەنلىك چىش-

www.uyghurkitap.com

لىرى بولىدۇ. (4) باشسىمان گۈل رېتى ئۇچىدا ئۆسىدۇ، گۈلى كىچىك رەڭگى قىزغۇچ سۆسۈن، ئۇمۇمى ئورىغۇچىسى قوڭغۇراقسىمان كوپ قەۋەتلىك، ئەڭ سىرتقى قەۋىتى پەيسىمان چوڭقۇر يېرىلغان، ياپراقسىمان ئورىغۇچى ياپراقلاردىن تەركىب تاپىدۇ. مېۋىسى ئورۇق مېۋە بولۇپ بىر ئاز ياپىلاق كېلىدۇ (233 - رەسىمگە قارالسۇن).

**ئوسۇش ئورنى:** ھاۋاسى سالقىن، توختام سۇلارنى چىقىرىۋېتىش ئەپلىك بولغان قۇمساڭغۇ يەرلەرگە تېرىپ ئۆستۈرۈشكە بولىدۇ. غۇلجا قاتارلىق جايلاردا تېرىپ ئۆستۈرۈلمەكتە.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورىغا يىلتىزسىمان غولى ئىشلىتىلىدۇ. تېرىپ 1 - 2 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، كۈزدە يوپۇرماقلىرى سارغايغاندا قېزىۋېلىپ تازىلاپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، تولۇق نەمدەپ ياپىلاق توغراپ، كېپەك ياكى تۇپراق بىلەن قورۇپ ياكى قورۇپ كومۇرلەندۈرۈپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىتى:** تەمى قېرىغراق تاتلىق، تەبىتى بىر ئاز ئىسسىقا مايىل، زەھەرسىز. تال ئاشقازانغا قۇۋەت بېرىپ، تالنى ساغلاملاشتۇرىدۇ. سۇلارنى راۋان قىلىپ، ھوللۇقنى قۇرۇتىدۇ، تەر توختىتىدۇ، ھامىلىنى ئاسرايدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) ھەزىم قىلىش ناچارلىق، ئىشتەي ياخشى بولماسلىقتا: قان تېپەر 4 مىسقال، بەيجۇ 3 مىسقال، كومۇرلەنگەن دولانە 3 مىسقال، ئارپا ئۈندۈرمىسى 3 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (2) ئىشتەي ياخشى بولماسلىق، قوساق كوپۇش، ئىچ ئۆتۈشتە قان تېپەر 3 مىسقال، كومۇرلەنگەن بەيجۇ 3 مىسقال، پىچەكگۈل 5 مىسقال، ئىشلەنگەن چۇچۇكبۇيا 1 مىسقال، دولانە 3 مىسقال، ھەزىم ئېچىتقۇسى 3 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (3) ئاشقازان ۋە 12 بارماق ئۈچەي يارىلىرىدا: قان تېپەر 1 سەر، بەيجۇ 1 سەر، سوغۇگۇل 1

سەر، جۇزبۇۋا (مۇسكات ياڭغىقىنىڭ مىغىزى) چۇچۇكبۇيىدىن 2.5 سەر ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، كۈنىگە 3 قېتىم 1 - 2 مىسقالدىن ئىچىلىدۇ.
(4) بويىدىن ئاجراشنىڭ دەسلەپكى بەلگىلىرى كۆرۈنگەندە (بەدەن ئاجىزلىقتىن ھامىلە قوزغۇلۇپ كېتىپ قان كەلگەندە): كەتىرا 5 مىسقال، پەچەكگۈل 5 مىسقال، ئەمەن 1.5 مىسقال، كومۇرلەنگەن توشقان ئوت 3 مىسقال، بەيجۇ 4 مىسقال، ئېشەك يېلىمى 4 مىسقال (ۋاستىلىق ئېرىتىلگەن)، غاز ئوت 5 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ.
**مىقتارى:** 1.5 - 3 مىسقال.

# چوڭ چىلان

## 大枣 Da zao

چىلان قوۋزىغى 枣树皮

باشقا ئاتىلىشى: سوقا چىلان

**ئۆسۈش ئورنى:** بورىتالا، سۈيدۈڭ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆستۈرۈلىدۇ.

**يىغىش تەييارلاش:** كۈزدە مېۋىسى پىشقان چاغدا قېقىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ. چىلان دەرىخىنىڭ قوۋزىقىمۇ دورا بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى تاتلىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز. تال ئاشقازانغا قۇۋۋەت بېرىدۇ، خىلىت ھاسىل قىلىدۇ، دورىلارنى تەڭشەيدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) تال ئاجىزلاپ، ئىچى سۈرۈشتە، ھەزىم قىلىش ناچارلىقىدا: چوڭ چىلان 5 دانە، قان سېپەر، بەيجۇلارنىڭ ھەر قايسىسىدىن 4 مىسقال، ياۋا كەشمىر، ھەزىم ئېچىتقۇلارنىڭ ھەر قايسىسىدىن 3 مىسقال ئېلىپ، سۇدا قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (2)

سەزگۈرلىكى ئاشقانلىقتىن بولغان سوسۇن داغ كېسەللىكىدە: 3 سەر چوڭ چىلان قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (3) سىرغىتىمىلىق كوكرەك پەردە ياللۇغىدا: چوغۇندان 3 مىسقال، چوڭ چىلان 10 دانە، سۇدا قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (4) ئۈچەي ياللۇغىدىن بولغان ئىچ سۈرۈشتە: قېرى چىلان دەرىخىنىڭ قوۋزىقىدىن 1 - 3 مىسقالنى قاخلاپ قورۇتۇپ، يۇمشاق سوقۇپ ئىچىلىدۇ. (5) سېرىق چۈشكەندە: جىنتىيانا 5 مىسقال، چوڭ چىلان 4 سەر، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (6) ھەزىم يوللىرىنىڭ راكلىرىدا: ئاغىچە تالقىنىدىن 3 سەر، چىلان ئېتىدىن 4 سەر ئېلىپ، بۇلارنى چىكىلەنگەن ھەسەل بىلەن 3 مىسقاللىق كۇمۇلاچ ياساپ كۈنىگە 2 قېتىم ھەر قېتىمدا 1 - 4 كۇمۇلاچ يېيىلىدۇ. (7) جاراھەتلەردىن قان چىققاندا: قېرى چىلان دەرىخىنىڭ قوۋزىقى، رەۋەن، داڭگۈيلارنىڭ ھەر بىرىدىن باراۋەر مىقداردا ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، جاراھەتكە سېپىپ تېڭىپ قويۇلىدۇ.

**مىقدارى:** 2 — 3 مىسقال.

# قوچاق قول

## 手掌参 Shou zhang shen

**باشقا ئاتىلىشى:** پاپى

(تۈلكە مايىقى ئاتىلىسى، قوچاق قول تۈرۈغدىشى)

**تونۇش:** (1) كوپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئېگىزلىكى 30 - 50 سانتىمېتىر. (2) تۈگۈنەك غولى گوشلۇك، 4-6 گىچە شاخلانغان بولۇپ خۇددى ئىككى ئالقانني بىر - بىرىگە يېقىنلاشتۇرۇپ قويغاندەك كورۇنىدۇ. يېڭى ئۈسكىنى ئاق رەڭلىك كېيىن

سېرىق رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. (3) غولىدىكى يوپۇرماقلىرى 4-7 تال، شەكلى كەڭ يىپسىمان ياكى تېمىنەسىمان، يوپۇرماق تومۇرلىرى تۈز (پاراللېل تومۇر) بولۇپ، يوپۇرماقنىڭ تۈۋى غولىنى ئوراپ تۇ-رىدۇ. (4) باشاقسىمان گۈل رېتى ئۇچىدا ئۆسىدۇ. گۈلى بېغىرەڭ ياكى سۆس بېغىرەڭ بولىدۇ (234 - رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۆسۈش ئورنى:** تاغ جىلغىلىرىدىكى ئوتلاقلاردا، ئورمانلىق-لاردا ۋە چاتقاللىقلاردا ئۆسىدۇ. رايونىمىزنىڭ ھەممە جايىدىن تې-پىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** تۈگىنەك غولى دورا بولىدۇ. ياز ۋە كۈز پەسلىدە قېزىۋېلىپ، يۇيۇپ تازىلاپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى قېرىقراق تاتلىق، تەبىئىتى، ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز. بورەكنى قۇۋۋەتلەندۈرۈپ، موسپەلككە ياردەم بېرىدۇ. قۇ-ۋەت ۋە قاننى تەڭشەيدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) بەدەن ئاجىزلىق ۋە ئەرلىك جىنسى ئاجىزلىقتا. (2) ئۇزۇنغىچە ئىچ سۈرۈشتە، ئاق خۇندا، قان ئازلىقتا. (3) ئۇرۇلۇپ-سوقۇلۇپ زەخىملىنىشلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

**مىقدارى:** 1 - 3 مىسقال.

---

ئەسكەرتىش: رايونىمىزدا بىر خىل تۈلكە مايىقى گۈلى (红门兰) بو-لۇپ، بۇنىڭ يۇقىرى قىسمى قوچاق قولغا بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ لېكىن يەر ئاستى يىلتىزسىمان غولىنىڭ بېرىقچىلىرى تۈگۈنەككە ئوخشايدۇ. بۇنى قوچاق قول ئورنىدا دورىغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئەنجۈر

## 无花果 Wu hua guo

(گۈژمە ئائىلىسى، ئەنجۈر ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** (1) يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ بولۇپ، ئېگىزلىكى 3 مېتىردىن ئاشىدۇ، كوپ شاخلىنىدۇ، غول ۋە يوپۇرماقلىرى سۇندۇرۇلسا، ئاق سۈت چىقىدۇ. (2) يوپۇرماقلىرى نوۋەتلىشىپ ئۆسكەن قېلىنراق، شەكلى يومۇلاغراق، تۇۋى يۈرەكسىمان بولۇپ، ئادەتتە 5 كە يېرىلىدۇ. (3) گۈللىرى تەتۈر تۇخۇمسىمان ياكى شار شەكىللىك گۈل تېگىگە يوشۇرۇنۇپ، يوشۇرۇن باشلىق گۈل رېتىمى شەكىللەندۈرىدۇ. گۈل رېتى قولتۇقىدىن ئۆسىدۇ. گۈل تېگى تەدرىجى چوڭىيىپ تەتۈر تۇخۇم شەكىلىدىكى گوشلۇك يالغان مېۋىگە ئايلىنىدۇ. مېۋىسى خام چېغىدا يېشىل رەڭدە بولۇپ، پىشقاندا ساغۇچ قوڭۇر ياكى سوسىن قوڭۇر رەڭگە كىرىدۇ (235 - رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۆسۈش ئورنى:** جەنۇبىي شىنجاڭدا بولۇپمۇ قىزىلسۇ رايونىدا كوپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** مېۋىسى دورا بولىدۇ. پىشقاندا ئۈزۈۋېلىپ، قايناقسۇغا بېسىپ ئالغاندىن كېيىن، ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ. بۇنىڭ شېخى، يوپۇرمىغى، ۋە يىلتىزىمۇ دورا بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى تاتلىق، تەبىئىتى سوتىدىل، زەھەرسىز. بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىپ، تالنى ياخشىلايدۇ، ئۈچەينى سىلىقلاشتۇرىدۇ. ئىششىقنى يوقىتىدۇ، قان توختىتىدۇ، سۈت ماڭدۇرىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** ( 1 ) قۇرۇق يوتەل ۋە كونا يوتەلدە: ئەنجۈر 3 مىسقال، قۇرۇق ئۈزۈم 5 مىسقال، چۈچۈكبۇيا 2 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. ( 2 ) بۇۋاسىر قاناشتا: ئەنجۈر ۋە تۇخۇمەك گۈلىنىڭ ھەر بىرىدىن 3 مىسقال ئېلىپ، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. سىۋە ياكى يوپۇرمىقىنى قاينىتىپ سىرتىدىن ھودۇقۇپ يۇيۇلىدۇ. ( 3 ) پەي سۆڭەكلەر ئاغرىغاندا: 5 مىسقال ئەنجۈر (ئەنجۈر يىلتىزى) نى توخو تۇخۇمى بىلەن بىرگە پىشۇرۇپ يېيىلىدۇ. ( 4 ) ئىشتەي ناچارلىغاندا، ئىچى سۈرۈشتە. ( 5 ) سۈت يۇرمىگەندە، سۈيدۈك راۋانلاشمىغاندا ئادەتتىكى مىقدارى بويىچە ئىشلىتىلىدۇ.

**مىقدارى:** 1.5 - 3 مىسقال.

# يىچەكگۈل

## 山药 Shan yao (薯蓣)

يىچەكگۈل بىخى 零余子

(يىچەكگۈل ئائىلىسى، يىچەكگۈل ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** كوپ يىللىق يوگىشىپ ئۆسىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ( 2 ) تۇگۈنەك غولى گوشلۇك، سىمىز بولۇپ تىك بولىدۇ، شەكلى بىر ئاز تۈۋرۈكسىمان، ئۇزۇن، كەسمە يۈزى شىللىق سىلىق بولىدۇ ۋە چاچما يىلتىزلىرى بولىدۇ، غولى ئىنچىكە، ئۇزۇن، قىرلىق كېلىدۇ. ( 3 ) يوپۇرمىقى ئۇدول ئۆسىدۇ ياكى 3تال يوپۇرماق ئايلانما بولۇپ ئۆسىدۇ، شەكلى ئۈچ بۇرجەك تۇخۇمسىمان، تۈۋى يۈرەك شەكلىدە سىلىق - تۈكسىز بولۇپ، يوپۇرماق قولتۇقىدىن ھەر دائىم تۈگۈنەك بىخ ئۆسۈپ چىقىدۇ. ( 4 ) گۈل رەڭى باشاقسىمان، ئاتىلىق، ئانىلىقى باشقا تۈپلەردە بولىدۇ، ئانىلىق گۈل رەڭى تىك ئۆسىدۇ، ئاتىلىق گۈل رەڭى توۋەن ساڭگىلاپ تۇرىدۇ، نوزا مېۋىسى ئۈچ قىرلىق بولۇپ، قاناتقا ئوخشايدۇ ( 236 - رەسىمگە قاراڭ).

**ئۇسسۇش ئورنى:** يۇقۇرى قىسمىدىكى تۈگۈنەك غولىدىن ياكى تۈگۈنەك بىخلىرىدىن كوپەيتىپ ئوستۇرۇلىدۇ. گىرۇچۇك، غولجا قاتارلىق جايلاردا ئوستۇرۇلمەكتە.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورىغا تۈگۈنەك غولى (پىچەكگۈل) ۋە تۈگۈنەك بىخلىرى (پىچەكگۈل بىخى) ئىشلىتىلىدۇ. تۈگۈنەك غولىنى قىرۋۇ چۈشكەندىن كېيىن قېزىۋېلىپ، تازىلاپ، قومۇچ پىچاق بىلەن سىرتىدىكى قوۋزىغىنى سويۇۋېتىپ، يالپاق توغراپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ خام ياكى قورۇپ سارغايتىپ ئىشلىتىلىدۇ. تۈگۈنەك بىخلىرىنى كۈز پەسلىدە ئۈزۈۋېلىپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ، ئىشلەتكەندە سوقۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى تاتلىق، ئىغىزنى سەل قورۇيدۇ، تەبىئىتى موتىدىل، زەھەرسىز. ئوپكىنى قۇۋەتلەپ، بورەككە پايدا قىلىدۇ، خىلىت ھاسىل قىلىپ، ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ، ئىھتىلامنى تىزگىنلەيدۇ. تالنى ساغلاملاشتۇرۇپ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) شېكەر سىيىش كېسىلىدە، پىچەكگۈل 8 مىسقال، خام كەتىرا 5 مىسقال، جۇمۇ 3 مىسقال، خام قانسە 3 مىسقال، ئەينۇلا 3 مىسقال، ئاچچىق تاۋۇز يىلتىزى تالقىنى 3 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. يەنە بىر ئۇسۇلى 4 سەر پىچەكگۈلنى بىر دانە قوي قېرىن ئاستى بېزى (بوش ئۈتتا قاخلاپ قۇرۇتۇلغان) بىلەن قوشۇپ يۇمشاق سوقۇپ، سۇ بىلەن كومۇلاچ ياساپ، كۈنىگە 3 مىسقالدىن 7 دانە پىلە قۇرۇت قېپىنىڭ چىلانىما سۈيى بىلەن ئىچىلىدۇ (ئۈزۈن مۇددەتكىچە ئىچىش كېرەك). (2) بەدەن ئاجىزلاپ ئاق خۇن كەلگەندە: پىچەكگۈل 8 مىسقال، نىلوپەر تورۇغى 3 مىسقال، تاجىگۈل 5 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (3) تال ئاجىزلاپ، ئۈزۈنغىچە ئىچ سۈرۈپ كەتكەندە: خام پىچەكگۈل 6 مىسقال، بەيجۇ 3 مىسقال، قانتىپەر 5 مىسقال، ئارپا ئۈندۈر-

مىسى 3 مىسقال، قايىنىتىپ ئىچىلىدۇ. (4) جىنسى پائالىيىتى ئاجىزلىشىشتىن بولغان ئىختىلامدا: پىچەكگۈلدىن 2 سەر، نىلوپەر ئۇرۇغىنىڭ ئىچىدىن 1 سەر، توشقان زەدىگى بىر سەر، بۇلارنى يۇمشاق سوقۇپ چىكىلەنگەن ھەسەل بىلەن 3 مىسقاللىق كۈمۈلاچ ياساپ، ھەر قېتىم بىر كۈمۈلاچتىن سۇس تۇزلۇق سۇ بىلەن ئىچىلىدۇ.

**مىقدارى:** 0.3—1 سەر.

# كېۋەز

## 棉花 Mian hua

چىگىت (**棉花子**)، كېۋەز غوزا شاكىلى (**棉花壳**)،

كېۋەز يىلتىزى (**棉花根**)

**يىغىپ تەييارلاش:** كېۋەزنىڭ چىگىتى، غوزا شاكىلى ۋە يىلتىزى دورا بولىدۇ. چىگىت: بۇنى كېۋەز چىغىرىقلانغاندىن كېيىن يىغىۋېلىپ، كېرەكسىز نەرسىلەرنى چىقىرىۋېتىپ خام بويىچە ياكى قورۇپ ئىشلىتىلىدۇ. غوزا شاكىلى: بۇنى كېۋەزنى تېرىۋالغاندىن كېيىن يىغىۋېلىپ، كېرەكسىز نەرسىلەرنى چىقىرىۋېتىپ، سوقۇپ ئىشلىتىلىدۇ. كېۋەز يىلتىزى: بۇنى كۈزدە كېۋەزنى تېرىۋالغاندىن كېيىن يۇلۇۋېلىپ، بۇنىڭدىكى شاخ ۋە چاچما يىلتىزلارنى چىقىرىۋېتىپ، تولۇق نەمدەپ يالپاقلاپ توغرىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** چىگىت: تەمى ئاچچىق، تەبىئىتى ئىسسىق، زەھەرسىز. بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، سۈت ماڭدۇرىدۇ. بەل ۋە تىزغا ماغدۇر بېرىدۇ. ئاشقازاننى ئىسسىتىپ ئاغرىق توختىتىدۇ، قان توختىتىدۇ. كېۋەز يىلتىزى: تەمى تاتلىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز. بەدەنگە ۋە قانغا قۇۋۋەت بېرىدۇ، يوتەل ۋە دەم سىقىشنى توختىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

**ئىشلىتىلىشى:** (1) سۈت ئازلىقتا: چىگىت 3 مىسقال، كەتىرا 3 مىسقال، چۇچۇكبۇيا 2 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (2) ئاشقازان، ئاغرىغاندا: چىگىت (قورۇلغان) 7 مىسقال، ئارپا بېدىيان 3 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (3) قىزىل ئۆڭگەچ قىس- قىرىپ تۇرۇۋالغاندا: 3 - 5 مىسقال كەۋەز غوزا شاكىلىنى قاينىتىپ چاي ئورنىدا ئىچىلىدۇ. (4) ھېيىز تەڭشەلمىگەندە: چىگىتنى ئوتقا قاخلاپ قورۇتۇپ، يۇمشاق سوقۇپ، كۈنىگە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 مىسقالدىن ئىچىلىدۇ. (5) بالىياتقۇ تۆۋەنلەپ كېتىشتە: كەۋەز يىلتىزى 2 سەر (قاخلاپ قۇرۇتۇلغان چىگىت 5 مىسقال)، خام جىژچىۋاق 4 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (6) ھامىلدارلىق مەز- گىلىدە يۆتەلگەندە، سۈيدۈك تۇتالمىغاندا: 7 تال پىشمىغان كۆك كەۋەز غوزىسى، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (7) بالىياتقۇنىڭ پائالىيەتچان قانىشىدا: چىگىت (قورۇپ سوقۇلغان) 4 سەر، ئىلوپەر گۈل تېگى 1 سەر، قارا شېكەر 5 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (8) يۆتەلگەندە: ھەر قېتىمدا 2 دىن تۇخۇمنى چىگىت يېغى بىلەن قورۇپ يېيىش كېرەك. (9) زۇكام يۆتەل، زىققىلاردا: چىگىت مېغىزى 5 جىڭ، چاكاندا 1.5 جىڭ، ئۆرۈك مېغىزى 2 جىڭ ئىشلىتىلىدۇ، چىگىتنى قورۇپ پىشى- رىپ، شاكىلىنى ئېلىۋېتىپ، پوستى سويۇۋېتىلگەن ئۆرۈك مېغىزىنى قورۇپ پىشۇرۇپ چاكاندا بىلەن قوشۇپ، يۇمشاق سوقۇپ، چىكىلەنگەن ھەسەل بىلەن 3 مىسقاللىق كۇمۇلاچ ياساپ، كۈنىگە 3 قېتىم ھەر قېتىم بىر كۇمۇلاچتىن يېيىلىدۇ (قۇرۇق يۆتەل ۋە يۈرەك خا- راكتېرلىك دەم سىقىلىشلارغا بېرىش مەنئى قىلىنىدۇ).

**سىقتارى:** كەۋەز يىلتىزى 0.6 - 1 سەر، چىگىت 2 - 5 مىسقال.

# چۈچۈكبۇيا (ئورال چۈچۈكبۇيىسى)

## 甘草 Gan cao

**باشقا ئاتىلىشى:** قارا بۇيا، سېرىق بۇيا.

(پۇرچاق ئائىلىسى، چۈچۈكبۇيا ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** (1) كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئېگىزلىكى 30—100 سانتىمېتىر، پۈتۈن تېنى تۈكلۈك بولىدۇ. (2) يىلتىزسىمان غولى تۈۋرۈك شەكلىدە يوغان بولۇپ، قوۋزىقى قىزغۇچ قوڭۇر، قارامتۇل قوڭۇر، تەمى تاتلىق بولىدۇ. غولى تىك، تۆۋەن قىسمى ياغاچلاشقان بولۇپ يۇقىرى قىسمى كۆپ شاخلىنىدۇ. (3) يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسكەن، تاق سانلىق پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرماقلىرى 7 - 17 تال بولۇپ، شەكلى تۇخۇمسىمان ياكى سوقۇچاقراق تولۇق گىرۋەكلىك كېلىدۇ. (4) ئومۇمى گۈل رېتى قولتۇقىدىن ئۆسىدۇ، گۈلى كېپىنەكسىمان، رەڭگى سۆس سۆسۈن ياكى قىزغۇچ سۆسۈن بولىدۇ. قاسراقلىق مېۋىسى ئوغاقسىمان ئېگىلگەن، خوما رەڭدە، زىچ تىكەنسىمان بەز تۈكلىرى بولىدۇ (237 - رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۆسۈش ئورنى:** قۇملۇق ۋە ئوتلاقلاردىكى قېلىن قۇمساڭغۇ يەرلەردە ياخشى ئۆسىدۇ، رايونىمىزنىڭ ھەممە جايىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورىغا يىلتىزى ئىشلىتىلىدۇ، باھار ۋە كەچ كۈزدە قېزىۋېلىپ، ئىككى ئۇچىدىكى ئۇششاق يىلتىزلىرى ۋە يۇمران بىخلىرىنى ئېلىۋېتىپ تازىلاپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، يالپاقلاپ توغراپ، خام بويىچە ياكى ھەسەل بىلەن ياساپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى تاتلىق، تەبىئىتى موتىدىل، زەھەرسىز. يۈرەكنىڭ ئىسسىقىنى ئالىدۇ ئوت ئىسسىقىنى قايتۇرۇپ، زەھەرنى تارقىتىدۇ، ئالنى ساغلاملاشتۇرۇپ، قۇۋۋەت قوشىدۇ، ئۆپكىنى نەملەشتۈرۈپ، يۆتەلنى توختىتىدۇ، باشقا دورىلارنى تەڭشەيدۇ (ئىسسىقنى قايتۇرۇشتا خام ئىشلىتىلىدۇ، قۇۋۋەت بېرىش ئۈچۈن تەييارلانغىنى ئىشلىتىلىدۇ).

**ئىشلىتىلىشى:** (1) ئاشقازان ۋە 12 بارماق ئۈچەي يارىسىدا: سوغۇ گۈل 1 سەر، ھەسەل بىلەن ئىشلەنگەن چۈچۈكبويا 1 سەر، تاغ دېڭى 5 مىسقال ئېلىپ، بۇمشاق سوقۇپ، كۈنىگە 3 قېتىم ھەر قېتىمدا 1 مىسقالدىن ئىچىلىدۇ. (2) گالنىڭ سوزۇلما ياللۇغىدا، ئۆپكە ئىسسىقىدىن بولغان يۆتەلدە: خام چۈچۈكبويا، قوڭغۇراقگۈل ۋە قىرىقىز ئۇرۇقىنىڭ ھەر بىرىدىن 3 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (3) ھىستېرىيەدە: پوچەك بۇغدايدىن 1 سەر، ھەسەل بىلەن ئىشلەنگەن چۈچۈكبويا 3 مىسقال، چوڭ چىلان 6 دانە، گۈل ساماساق 6 مىسقال، ياز غازىڭى 4 مىسقال، لوڭگۇ 3 مىسقال، سۇدا قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (4) زەھەرلىك نەرسىلەرنى يەپ قويۇپ زەھەرلەنگەندە: خام چۈچۈكبويا ۋە كۆك ماشنىڭ ھەر بىرىدىن 1 سەر ئېلىپ، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ (ئۇنىڭدىن كېيىن جىددى قۇتقۇزۇش چارىسىنى قوللىنىش كېرەك).

**مىقدارى:** 0.5 — 3 مىسقال.

**مەنئىي قىلىنىشى:** سۇ ئىششىقى پەيدا بولۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، چۈچۈكبويىدىن كۆپ مىقداردا (1 سەردىن) ئۇزاق مۇددەت ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. چۈچۈكبويىنى گەنسۈي سۈتلۈك ئوتى، سۈتلۈك ئوت، كىرىمدانە ۋە بۇسۇن (خەيزاۋ) بىلەن بىللە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

**قوشۇمچە:** سىلىق مېۋىلىك چۈچۈكبويا (光果甘草) (238 - رەسىمگە قاراڭ) بۇ چۈچۈكبويىغا بەكمۇ ئوخشايدۇ. بۇنىڭ

ئاساسلىق ئاللاھەدىلىكى شۇكى قاسىراقلىق مەۋىسى تۈز ياكى بىر ئاز ئەگرى بولۇپ، ئۈستىدە بەز تۈكلىرى بولمايدۇ. كوپىنچە شورلۇغراق ئوتلاقلاردا ئۆسىدۇ. رايونىمىزنىڭ ھەممە جايىدىن تېپىلىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى رايونىمىزدا چوڭ مەۋىلىك چوچۇكبۇيا (胀果甘草) (239 - رەسىمگە قارالسۇن) مۇ بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى چۇچۇك-بۇيا ئورنىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

# بادام

## 巴旦杏 Ba dan xing

(ئەتىرگۈل ئائىلىسى، بادام ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** (1) بويۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ، قوۋزىغى كۈلرەڭ بولىدۇ. (2) يوپۇرمىغى نوۋەتلىشىپ ئۆسكەن، تۇخۇمسىمان تېمىنە شەكلىدە، گىرۋەكلىرى سەل ھەرەچىشسىمان، تۈكسىز، يوپۇرماق سېپىنىڭ تۈۋىدە بەزلىك نۇقتىلار بولىدۇ. (3) گۈلى ھال-رەڭ ياكى ئاقۇش رەڭدە 1 - 2 دىن بولۇپ ئۆسىدۇ، گۈلتاجى يايپرىغى 5 تال، (4) مەۋىسى سوقۇچاق، سىلىق، قۇرۇق بولۇپ ئاسان يېرىلىدۇ. ئۇچكىسى سىلىق، چوڭقۇر ئويمانلىرى بولىدۇ.

**ئۆسۈش ئورنى:** تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭ-دىن چىقىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** مېغىزى دورا بولىدۇ، ياز كۈنلىرى مەۋىسى پىشقاندا يىغىۋېلىپ، ئۇچكىسىنى ئاجرىتىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ (240 - رەسىمگە قارالسۇن).

**تەبىئىتى:** تەمى تاتلىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل. بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىپ كۈچلەندۈرىدۇ، يوتەلنى ۋە زىققىنى توختىتىدۇ

**ئىشلىتىلىشى:** بادام (قەغەز بادام، تاش بادام)دىن مۇۋاپىق مىقتاردا يىسە ياكى ناۋات بىلەن يىسە بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىدۇ. يوتەلدە زىققىمدا، تاماق ئاغرىشتا ۋە كوكرەك پەردە ياللۇغىدا: بادام مېغىزىغا شېكەر قوشۇپ ئىچىلىدۇ. ئىچ قېتىشتا: ئىچىلىدۇ. ئىچمەكلا ۋە مەنىنىڭ بالدۇر كېتىش كېسەللىكلىرىدە: مۇۋاپىق مىقتاردا يېيىلىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن مۇرابba تەييارلاپ، ھەر كۈنى بىر ـ ئىككى قوشۇقتىن يېيىلىدۇ، مېغىزىدىن مۇۋاپىق مىقتاردا يېسە ئاشقازاننىڭ خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ.

**مىقتارى:** 3 ـ 5 مىسقال.

## توشقان قۇلاق (ياتما توشقان قولاق)

### 兔耳草 Tu er cao

(كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسى، توشقان قۇلاق ئۇرۇغىدىكى)

**تونۇش:** (1) كوپ يىللىق سامان غوللۇق ئۇسۇملۇك، ئېگىزلىكى 5 — 15 سانتىمېتىر، پۈتۈن تېنى سىلىق ـ تۈكسىز بولىدۇ. (2) تۈۋىدىن ئۇسكەن يوپۇرمىقى سوقۇچاق، سېپى ئۇزۇن، گىرۋەكلىرى يىرىك يومۇلاق چىشلىق، غولىدىن ئۇسكەن يوپۇرمىغى كىچىك ۋە ساپسىز بولىدۇ. (3) گۈلى كوك، گۈل رېتى باشاقسىمان بولۇپ تىزىلىدۇ. گۈل تاجىسى 2 كالپۇكقا بولۇنگەن، 2 دانە ئاتىلىقى گۈل تاجىسىنىڭ بوغوز قىسمىغا يېپىشىپ ئۇسىدۇ. چاڭدىنى چوڭ، شەكلى بورەكسىمان، غوزا مېۋىسى كىچىك بولىدۇ (241 ـ رەسىمگە قاراڭ).

**ئۇسۇش ئورنى:** رايونىمىزدىكى ئېگىز تاغلاردىن ۋە ئوتلاقلاردىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** پۈتۈن ئوتى دورا بولىدۇ. ياز ۋە كۈز پەسلىدە يىغىۋېلىپ، تازىلاپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** بەدەننى كۈچلەندۈرۈپ، سۈيدۈكنى راۋان قىلىدۇ، زەھەرسىز.

**ئىشلىتىلىشى:** تەنگە قۇۋۋەت بېرىپ، بەدەننى كۈچلەندۈرىدۇ. ھەر خىل ئىششىقلاردا، سۈيدۈك ھەيدەش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**مىقتارى:** 1 — 3 مىسقال.

## جۇگرۇشى (ستالاكتىت)

## 钟乳石 zhong ru shi

**تونۇش:** بۇ تەركىۋىدە كالتسىي كاربونات تۇتقان بىرخىل تاش پارچىلىرى بولۇپ، سەل تۈۋرۈك شەكلىنى ئالىدۇ، دىامېتىرى تەخ- مىنەن 2 - 5 سانتىمېتىر، ئۈستى يۈزى ئاقۇش كۈلرەڭ ياكى ساغۇچ خـومـارەڭ، كەسمە يۈزىنىڭ مەركىزىدە بىر يومۇلاق توشۇكى بولىدۇ، ۋەزنى ئېغىر، ئۇزى قاتتىق.

**چىقىش ئورنى:** ھاك تاشلىق تاغ رايونلىرىنىڭ غارلى- رىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** يىلنىڭ ھەممە ۋاقىتـلىرىدا يىغى- ۋېلىپ، ئوچاقتا قىزارغىچە كويدۇرگەندىن كېيىن، ئـاستا سـوۋۇتۇپ چوقۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى تاتلىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، زەھەر- سىز، ئۆپكىگە قـۇۋۋەت بېرىدۇ، سۈتنى مـاڭدۇرىدۇ، زەردىسى قايناشنى باسىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى.** (1) ئۆپكە سىلىنىڭ يۆتىلىشىدە، جۇگرۇشى 4 مىسقال، يۇلتۇزگۈل، سوغۇگۈل، ئوروك مېغىزىنىڭ ھەر بىرىدىن 3 مىسقال، چۈچۈكبۇيا 2 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (2) ئاجىزلىقتىن

بولغان سۈت يۇرمەسىلىكتە: جۇكرۇشى 3 مىسقال، خام كەترا 5 مىسقال، ئاچچىق تاۋۇز يىلتىزى تالقىنى، قارىمۇقنىڭ ھەر بىرىدىن 4 مىسقال قايىنتىپ ئىچىلىدۇ. (3) ئاشقازان ياكى 12 بارماق ئۈچەي يارىسى، ئاشقازاننىڭ سوزۇلما ياللۇغى، زەردە قايناپ ئاچچىق سېرىق سۇ ياندۇرۇشلاردا: 4 سەر جۇكرۇشنى يۇمشاق سوقۇپ، كۈنىگە 3 قېتىمدىن ھەر قېتىمدا 6 فۇكدىن 4 — 5 كۈن ئۇدا ئىچىلىدۇ.
كېسەل ئەھۋالى بىر ئاز يېنىكلەشكەندە ئىچىشنى توختىتىش لازىم. بۇ دورىنى ئۇزۇن مۇددەتكىچە ئىشلەتكەندە ئاشقازان تېشىشنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن، دىققەت قىلىش لازىم.
**مىقتارى:** 3 — 5 مىسقال.

## بۇغا ئوت يىلتىزى (بۇغا ئوت)

## 鹿根 Lu gin (鹿草)

(مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسى، بۇغا ئوت ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 1 مېتىر كېلىدۇ. پۈتۈن تېنىدە ئاقۇش كۈلرەڭ يۇمشاق تۈكلىرى بولىدۇ. غولى تىك ئۆسىدۇ، شاخلىمايدۇ، ئۇزۇنىسىغا كەتكەن ئېرىقچىلىرى بولىدۇ. يوپۇرمىغى نوۋەتلىشىپ ئۆسكەن بولۇپ، پەيسىمان يېرىلىدۇ، گىرۋىكىدە ھەرە چىشلىرى بولىدۇ. گۈل رېتى باشسىمان گۈل رېتى بولۇپ، غولىنىڭ ئۇچىدا يالغۇز ئۆسىدۇ. گۈلىنىڭ رەڭگى قىزغۇچ سوسۇن كېلىدۇ، گۈل رېتىنىڭ سىرتىدا بىر قانچە قەۋەت تەڭگىسىمان غوشارنىڭ ئۇرىغۇچى ياپراقچىلىرى بولىدۇ (242 - رەسىمگە قارالسۇن).
**ئۆسۈش ئورنى:** تاغلاردىكى سايە ۋە نەم جايلاردىكى ئوت-

لاقلاردا ئۆسىدۇ. ئاساسەن ئالتاي، تارباغاتاي قاتارلىق رايونلاردىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورىغا يىلتىزى ئىشلىتىلىدۇ. ئەتىيازدا ۋە كۈزدە يىغىۋېلىنىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن چارچىغاندا خىزمەت ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. نېرۋ ئاجىزلىق، ئۇيقۇسىزلىق ۋە ئىشتەيسىزلىكلەردە بۇغا ئوت يىلتىزىدىن 20 پىرسەنتلىك سپىرتلىق ياسالما (تىنكتۇرا) ياكى سۈيۈق چىلانما (سۈيۈق رۇپ) تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ.

**مىقتارى:** سپىرتلىق ياسالمىدىن ھەر قېتىمدا 5 — 10 مىللىلىتىردىن؛ سۈيۈق چىلانمىدىن 5 مىللىلىتىردىن ئىچىلىدۇ.

## مۇسكۇلىكە ياردەم بەرگۈچى دورىلار

(助阳药)

## بالا ھەمرىيى

### 紫河车 Zi he che (胎盘)

**يىغىپ تەييارلاش:** ساغلام ھامىلدارلار يەڭگىپ بولغاندىن كېيىنكى بالا ھەمرىيىنى يىغىپ، پەي - پەردىلەرنى تازىلىۋېتىپ، قو- مۇش چوكا بىلەن كىندىك بېغىشى چورىسىدىكى قان تومۇرلارنى يىتىۋېتىپ، سوغاق سۇغا چىلاپ، قېنى تۆكەپ، سۇ سۈزۈلگەنگە قەدەر مىجىپ يۇيۇپ، ئاندىن قايناپ تۇرغان قازانغا سېلىپ، لەيلەپ كو- تۈرۈلۈپ چىققىچە قاينىتىلىدۇ ياكى كاۋاۋىچىن (خاجۇ) سېلىنغان

سۇ بىلەن (بىر دانە بالا ھەربىيى ئۈچۈن 5 فۇڭ كاۋاۋىچىن سېلىنىدۇ) پىشۇرۇلغاندىن كېيىن، قېنىق سارغايغىچە ئوتقا قاقلاپ، قۇرۇتۇپ يۇمشاق سوقۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى تۇزلۇقراق تاتلىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز. بەدەننى كۈچەيتىدۇ، بەدەنگە، قانغا قۇۋەت بېرىدۇ. مەنىنى كۆپەيتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) بەدەن ئاجىزلىقى، ئېھتىلام، ئاق خۇن، زىققىلاردا: بىر دانە بالا ھەربىينى قاقلاپ قۇرۇتۇپ، يۇمشاق سوقۇپ، كۈنىگە 2 قېتىم ھەر قېتىمدا بىر مىسقالدىن ئىچىلىدۇ. (2) ئۆپكە سىلدىكى قان تۈكۈرۈشتە، تۇۋەن قىزىتمىدا: بالا ھەربىيدىن 2 سەر، گۈلسامساق 2 سەر، سوغۇ گۈلدىن 2 سەر، قىزىل مارال 1 سەر ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، كۈنىگە 2 قېتىم ھەر قېتىمدا 2 مىسقالدىن ئىچىلىدۇ.

**مىقدارى:** 1 — 3 مىسقال.

# توشقان زەدىگى

## 肉苁蓉 Rou cong rung

(شۇم بۇيا ئائىلىسى، توشقان زەدىگى ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** كۆپ يىللىق، تەييارتاپ، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئېگىزلىكى 15 — 80 سانتىمېتىر. غولى ئەتلىك، سېمىز، شەكلى تۈۋرۈكسىمان، رەڭگى قارامتۇل سېرىق. (2) تەڭگىسىمان يوپۇرماقلىرى ئەتلىك، رەڭگى سېرىق ياكى قارامتۇل بولۇپ، خۇددى بېلىق تەڭگىسىدەك بىر-بىرىنى يېرىم يېپىپ تىزىلىدۇ. تۆۋەن قىسمىدىكىلىرى تۇخۇمسىمان، يۇقۇرى قىسمىدى

كىملىرى تىپمىنە شەكلىدە بولىدۇ. ( 3 ) باشاقسىمان گۈل رەتى تۈۋرۈككە ئوخشايدۇ. گۈلتاجىسى قوڭغۇراقسىمان، گۈل تاجى ياپراقلىرى سوسۇن رەڭلىك، كاناي قىسمى ساغۇچ ئاق رەڭلىك بولىدۇ. غوزا مېۋىسى سوقۇچاق بولۇپ، 2 گە يېرىلىدۇ، ئۇرۇغى كۆپ ( 243 - رەسىمگە قارالسۇن ).

**ئۆسۈش ئورنى:** يۇلغۇن ۋە بورى تىكىنىنىڭ يىلتىزلىرىدا تەييارتاپ بولۇپ ئۆسىدۇ. رايونىمىزنىڭ ھەممە جايىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** بۇنىڭ تەڭگىسىمان گوشلۇك غولى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئەتىياز ۋە كۈز پەسلىدە قېزىۋېلىنىدۇ. ئەتىيازدا يەردىن باش كۆتىرىپ چىقمىشتىن بۇرۇن قېزىلغانلىرىنىڭ سۈپىتى ئەڭ ياخشى بولىدۇ، كېچىكىپ قېزىلسا ئىچى پورلىشىپ قالىدۇ. يىغىۋالغاندىن كېيىن قۇملۇق تۇپراققا يېرىم كۆمۈپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، يالپاقلاپ توغرىلىدۇ. بۇنى سىرىق ھاراق بىلەن بىر تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، ساپال قاچا ياكى مۇۋاپىق ئىدىشلارغا سېلىپ ئاغزىنى ھىم بېكىتىپ، ۋاستىلىق ھالدا سۇغا سېلىپ، ھاراقنى شۈمۈرۈپ بولغانغا قەدەر دۈملەپ پىشۇرۇپ ئاندىن كېيىن سالقىن جايدا قۇرۇتۇپ ھاراقلانغان توشقان زەدىگى تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى ئاچچىغراق تاتلىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل زەھەرسىز. بۆرەكنى ئىسسىتىپ، مۇسكۇللىرىنى كۈچلەندۈرىدۇ، ئۈچەينى نەملەشتۈرۈپ، چوڭ تەرەتنى راۋان قىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** ( 1 ) بۆرەك ئاجىزلىق، ئەرلىك جىنسى ئاجىزلىقتا: توشقان زەدىگى ۋە كۈدە ئۇرۇغىنىڭ ھەر بىرىدىن 3 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. ( 2 ) قېرىلىق ۋە ئادەتلەنگەن قەۋزىيەتتە: ھەر توشقان زەدىگى (ئۇنىڭغا 2 مىسقال داتگۈي قوشۇپ) قەينىتىپ ئىچىلىدۇ.

**مىقدارى:** 2 — 3 مىسقال.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يەر مەدىگى (جۇڭغار يەر مەدىگى)

## 锁阳 Suo yang (准噶尔锁阳)

**باشقا ئاتىلىشى:** قىزىل قان تېپەر، بورە سامسىغى

(يەر مەدىگى ئائىلىسى، يەر مەدىگى ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** (1) كوپ يىللىق تەييارتاپ سامان غوللۇق، سىمىز ئەتلىك ئوسۇملۇك، ئېگىزلىگى 20 – 30 سانتىمېتىر. پۈتۈن تېنىنىڭ رەڭگى قىزىل خومارەڭ، تۈۋى چوڭايغان بولۇپ، تەڭگىچە يوپۇرماقلىرى بار. (2) گوشلۇك باشاقسىمان گۈل رېتى ئۇچىدا ئوسىدۇ. رەڭگى قارامتۇل بېغىرەڭ، گۈل رېتىدە شالاڭ تەڭگىسىمان ئورىغۇچى يوپۇرماقلىرى بار، گۈلى زىچ تىزىلىپ تۇرىدۇ (244 – رەسىمگە قارالسۇن).

**ئوسۇش ئورنى:** يۇلغۇن ۋە بورى تىكىنىنىڭ يىلتىزلىرىدا تەييار تاپلىق بىلەن ئوسىدۇ. رايونىمىزنىڭ ھەممە جايىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** پۈتۈن ئوتى دورا بولىدۇ. باھاردا توك كەتكەندىن كېيىن قېزىۋېلىپ، گۈل رېتىنى ئېلىپ تاشلاپ، قۇمغا يېرىم كومۇپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ ياكى يېڭى ۋاقتىدا يالپاق-لاپ توغراپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى قىرىقراق تاتلىق، تەبىئىتى سەل ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز. بورەكنى قۇۋەتلەندۇرۇپ، مۇسكۇلنى كۈچلەندۈرىدۇ، بەل، تىزغا ماغدۇر بېرىدۇ، ئۈچەينى سىلىقلاشتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) بورەك ئاجىزلاپ، ئېھتىلام بولۇشتا، بەل، پۇت ماغدۇرسىزلىقتا: يەر مەدىگى 3 مىسقال، ياچىۋەك

تۇخۇمى 3 مىسقال، لوڭگۇ 1 سەر، پىچەكگۈل 5 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (2) بەدەن ئاجىزلىقى، پەي سوڭەكلەرنىڭ ماغدۇرسىزلىقى، بەل، پۇت ئاغرىشلاردا: يەر مەدىنگى 1.5 سەر، زىرىق 8 سەر، تاشپاقا قېپى (ھاراقتا ئىشلەنگەن) 4 سەر، پىششىق ئەگرى سۇناي 2 سەر، ئاق چوغلۇق 2 سەر، يىلپىز سۆڭىكى (ئىشلەنگەن) 1 سەر ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ ياكى ئۇن ئارىلاشتۇرۇپ كۆمۈ-لاچ ياساپ، كۈنىگە 2 قېتىم ھەر قېتىمدا 3 مىسقالدىن تۇزلۇق سۇ بىلەن ئىچىلىدۇ. (3) چۈشەكەپ ئىچتىلام بولۇشتا: بەل، تىز سىقىراپ ئاغرىشتا: يەر مەدىنگى 1 سەر، توشقان زەدىگى 1 سەر، بۇغا مۈڭگۈزى قالدۇغى 1 سەر، نىلوپەر گۈل چېچىكى 1 سەر، لوڭگۇ 1 سەر ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، چىكىلەنگەن ھەسەل بىلەن 3 مىسقاللىق كۆمۈلاچ ياساپ، كۈنىگە 2 قېتىم ھەر قېتىمدا بىر كۆمۈلاچتىن يېيىلىدۇ.

**مىقتارى:** 1.5 — 3 مىسقال، بورەك ئوتى (ئىسسىقى) ئاشقانلارغا ئىشلەتمەستە ئېھتىيات قىلىش كېرەك.

# شۇمشا

## 胡芦巴 Hu lu ba

**باشقا ئاتىلىشى:** شياڭدۇزى، ھۇلبە

(پۇرچاق ئائىلىسى، شۇمشا ئۇرۇغىدىشى)

**تونۇش:** (1) بىر يىللىق سامان غوللۇق ئوسۇملۇك، ئېگىزلىكى 50—80 سانتىمېتىر. (2) غوللىرى توپلىشىپ ئۆسىدۇ، پۈتۈن تېنىدىن خۇشپۇراق چىقىپ تۇرىدۇ. (3) يوپۇرماقلىرى نوۋەتلىشىپ

ئۆسكەن، ئۈچ قۇلاقلىق مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرماقلىرى تەتۈر تۇخۇم شەكلىدە، تولۇق گىرۋەكلىك ياكى دولقۇنسىمان ھەرە چىشلىق بولىدۇ. (4) گۈلى 1—2 دىن بولۇپ قولتۇغىدىن ئۆسىدۇ، سېپى بولمايدۇ. دەسلەپ ئېچىلغاندا رەڭگى ئاق بولىدۇ، كېيىنچە تەدرىجى ئاچ سېرىق رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. تۈۋى سەل سوسۇن رەڭدە، قاسراقلىق مېۋىسى ئىنچىكە، ئۇزۇن، بىر ئاز ئېگىلگەن،ئۇچى تەدرىجى ئۇچلانغان، ئۇرۇغى خومارەك (245 - رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۆسۈش ئورنى:** ئۇرۇغى ئارقىلىق كۆپەيتىلىدۇ. رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېرىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** ئۇرۇغى دورا بولىدۇ. مېۋىسىنى پىشقان چاغدا قىرقىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ تازىلاپ، خام بويىچە ياكى بىر ئاز سارغايغىچە قورۇپ، ئىشلىتىلىدىغان چاغدا سوقۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى قىرىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز. بۆرەكنى قۇۋۋەتلەپ مۇسكۇلىنىڭ ياردەم بېرىدۇ، ھول سوغاقنى يوقىتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) ئاشقازان سوغاقلىقتىن قوساق ئاغرىغاندا: شۇمشا 2 مىسقال، پىيىزەك 1 مىسقال، قۇرۇق زەنجىۋىل 1 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (2) چوقۇقتا: شۇمشا 1 سەر، ئارپا بېدىيان 5 مىسقال ئېلىپ، سوقۇپ بىر قېتىمدا 2 مىسقالدىن ئازراق تۇزلۇق سۇ بىلەن ئىچىلىدۇ. (3) بورەك ئاجىزلاپ، بەل سىقىراشتا، ئۇرۇقدان ئاغرىشتا، پۇت تەرلەپ، پېچىلىپ ئىششىغاندا: ئادەتتىكى مىقتارى بويىچە ئىشلىتىلىدۇ.

**مىقتارى:** 1—2 مىسقال.

# شۇمبۇيا (كوك شۇمبۇيا)

## 列当 Lie dang

(شۇم بۇيا ئائىلىسى، شۇمبۇيا ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** بىر يىللىق تەييارتاپ، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئېگىزلىكى 10—50 سانتىمېتىر، غولى ساغۇچ قوڭۇر. (2) يوپۇرمىقى نوۋەتلىشىپ ئۆسكەن، شەكلى تەڭگىسىمان، رەڭگى قارامتۇل سېرىق بولىدۇ. (3) گۈل رېتى باشاقسىمان، گۈلى كالپۇكسىمان، رەڭگى سۆس سۆسۈن كېلىدۇ (246 ـ رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۆسۈش ئورنى:** قۇملۇق توپا، چاتقاللىقلاردىكى سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزلىرىدا، قوغۇنلۇقتا، ھەر خىل ئەمەنلەرنىڭ يىلتىزلىرىدا تەييارتاپ بولۇپ ئۆسىدۇ. رايونىمىزنىڭ ھەممە جايىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** پۈتۈن قىسمى دورا بولىدۇ. ياز كۈنلىرى قېزىۋېلىپ، تازىلاپ، توغراپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى تاتلىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەپ، مۇسپىلىككە ياردەم بېرىدۇ، پەي ۋە سۆڭەكلەرنى كۈچلەندۈرىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) بەل سىقىراپ ئاغرىشتا، تىز ماغدىرسىزلىنىشتا، ئەرلىك جىنسى ئاجىزلىقتا: شۇمبۇيا، سېرىق يوگەي، جۇسەي ئۇرۇقلىرىنىڭ ھەربىرىدىن 5 مىسقال ئېلىپ، سۇدا قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (2) بەدەن ئاجىزلىقىدا، قەۋزىيەتتە: شۇمبۇيا ۋە كەندىرنىڭ ھەربىرىدىن 3 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (3) باللار ـ

www.uyghurkitap.com

نىڭ ھەزىم قىلىشى ناچارلىغىدا، ئىچ سۈرۈشتە: 2 سەر شۇمبۇيىنى قاينىتىپ بالىنىڭ ئايىغى چىلاپ يۇيۇلىدۇ. (4) ئىرۇ پائالىيىتى-نىڭ بۇزۇلۇشىدا: ئادەتتىكى مىقتارى بويىچە ئىشلىتىلىدۇ.

**مىقتارى:** 1—3 مىسقال.

## سېرىق يوگەي (جۇڭگو سېرىق يوگىيى)

## 菟丝子 Tu sizi

**باشقا ئاتىلىشى:** سېرىق ئوت، دېۋى پەچەك، ئەفتىمۇن.

(يوگىمەچ كۆللۈكلەر ئائىلىسى، سېرىق يوگەي ئۇرۇقىدىن)

**تونۇش:** (1) بىر يىللىق، تەييارتاپ، سامان غوللۇق يو-گىشىپ ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك بولۇپ، تەخمىنەن بىر مېتىر ئۇزۇنلۇق-تا ئۆسىدۇ. (2) غولى ئىنچىكە، ئاجىز بولۇپ يىپقا ئوخشايدۇ، رەڭ-گى بىغىرەڭ سىرىق كېلىدۇ. (3) يوپۇرماقلىرى يىگىلەپ سېرىق تەڭگىس-مان يوپۇرماققا ئايلانغان. (4) گۈلى قوش جىنسلىق، رەڭگى ئاق، بىر مۇنچىسى شار شەكلىدە توپلىشىپ ئۆسىدۇ. غوزا مېۋىسى ياپپاغراق شار شەكلىدە بولۇپ، ئىچىدە 2—4 دانە قوڭۇر ئۇرۇغى بولىدۇ (247 — رەسىمگە قاراڭسۇن).

**ئۆسۈش ئورنى:** ئېتىزلىقلاردا، ئوتلاقلىقلاردا ئۆسىدۇ. كوپ-رەك پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردە، مەسىلەن، سېرىق پۇر-چاق ۋە بېدە غوللىرىدا، شۇنداقلا مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدى-كى ئۆسۈملۈكلەردە تەييارتاپلىق بىلەن ئۆسىدۇ. رايونىمىزنىڭ ھەم-مە جايىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورىغا ئۇرۇغى ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇغى

پمشقاندا يىغىۋېلىپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ. پۈتۈن ئوتى بويىچە دورا قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى ئاچچىغراق تاتلىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز. جىگەر ـ بۆرەككە قۇۋۋەت بېرىدۇ، مەنىنى كۆپەيتىدۇ، مۇسكۇلنى كۈچلەندۈرىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ھامىلىنى ئاسرايدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) بەدەن ئاجىزلىغىدا، بەل، پۇت ئاغرىغاندا: سېرىق يوگەي ئۇرۇغى 3 مىسقال، بۇغا مۈڭگۈز قالدۇغى 3 مىسقال، پىچەكگۈل 5 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (2) سېرىق چۈشۈشتە: ھول سېرىق يوگەيدىن 1—2 مىسقال، سۇدا قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (3) ئىچى سۇدەك سۈرگەندە: سېرىق يوگەي ئۇرۇغى، ئالىقات، نىلوپەر ئۇرۇغى، پىچەكگۈللەرنىڭ ھەربىرىدىن 3 مىسقالدىن ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، چىكىلەنگەن ھەسەل بىلەن كۆمۈلاچ ياساپ، ھەر قېتىمدا 3 مىسقالدىن قايناقسۇ بىلەن ئىچىلىدۇ. (4) بويىدىن ئاجراشنىڭ دەسلەپكى بەلگىلىرى سېزىلگەندە: سېرىق يوگەي ئۇرۇغى 3 مىسقال، خام كەتىرا 5 مىسقال، ئېشەك يېلىمى (ۋاستىلىق ئېرىتىلگەن) دىن 3 مىسقال ئېلىپ، سۇدا قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (5) باللارنىڭ سىيگەك كېسىلىدە: سېرىق يوگەي ئۇرۇغى، ئالىقات، مالىنا، ئەينۇلا، جىن كېۋىزىنىڭ ھەر قايسىسىدىن 3 مىسقال ئېلىپ، قوشۇپ قاينىتىپ، ئۇچكە بولۇپ ئىچىلىدۇ. (6) باللارنىڭ باش ـ يۈزىدىكى چاقىلار ۋە ئىسسىقلىق تاشمىسى (سەكنەش) دا: سېرىق يوگەي مايسىسىنى قاينىتىپ سۈيى بىلەن يۇيۇلىدۇ.

**مىقتارى:** 3—4 مىسقال.

**قوشۇمچە:** توم سېرىق يوگەي (大菟丝子) (يوگىمەچ گۈللۈكلەر ئائىلىسى، سېرىق يوگەي ئۇرۇغدىشى): غولى توم ئۇزۇنلۇغى 8—9 مېتىرچە كېلىدۇ. بىر ئاز ئەتلىك، ساغۇچ يېشىل

www.uyghurkitap.com

ياكى قىزغۇچ سېرىق رەڭدە بولىدۇ. قىسقا باشاقسىمان گۈل رېتى بولۇپ، گۈلىنىڭ رەڭگى قىزغۇچ سېرىق كېلىدۇ. ئۇرۇغى سېرىق يوگەي ئۇرۇغىغا قارىغاندا بىر ھەسسە چوڭ بولۇپ، كۆپىنچە چاتقاللىقلاردىكى ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈكلەردە تەييارتاپلىق بىلەن ئۆسىدۇ. بۇنىڭ ئۇرۇغىمۇ سېرىق يوگەي ئورنىدا دورا بولىدۇ.

# جىن كۆۋزى

## 补骨脂 Bu gu zhi

(پۇرچاق ئائىلىسى، جىن كۆۋزى ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** (1) بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئېگىزلىكى 40 − 90 سانتىمېتىر. (2) يوپۇرمىقى نوۋەتلىشىپ ئۆسكەن، شەكلى كەڭ تۇخۇمسىمان، گىرۋەكلىرى شالاڭ ھەرە چىشلىق، قوشۇمچە يوپۇرماقلىرى جۈپ بولۇپ ئۆسىدۇ، شەكلى ئۈچ بۇرجەكلىك تېمىنەسىمان. (3) باشاقسىمان گۈل رېتى قولتۇقىدىن ئۆسىدۇ، گۈلى سۇس سۆسۈن ياكى سېرىق كېلىدۇ. قاسىراقلىق مېۋىسى سوقۇچاق، ئىچىدە بىر دانە ئۇرۇغى بولىدۇ (248 − رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۆسۈش ئورنى:** بۇنىڭ ئۇرۇغىنى خېنەندىن يۆتكەپ كېلىپ، تېرىپ ئۆستۈرۈلمەكتە، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا ياخشى ئۆسمەكتە.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورىغا ئۇرۇغى ئىشلىتىلىدۇ، ئۇرۇغىنى پىشقان چاغدا يىغىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، تۇز بىلەن قورۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى قېرىغراق ئاچچىق، تەبىئىتى ئىسسىقلىق مايىل. زەھەرسىز. بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مۇسكۇلنى كۈچلەندۈرىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىچ سۈرۈشتە،

بەدەن ئاجىزلىقتا: جىن كۆۋرزى 3 مىسقال، ئەينۇلا 2 مىسقال، ھەزىم ئېچىتقۇسى، ياۋا كەشمىرلەرنىڭ ھەرقايسىسىدىن 3 مىسقال، چوڭ چىلان 10 دانە قايىنتىپ ئىچىلىدۇ. (2) بەدەن ئاجىزلىقتىن بەل ئاغرىشتا: جىن كۆۋرزىدىن 3 سەر، ياڭاق مېغىزىدىن 3 سەر، ئالقاتتىن 2 سەر ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، كۈنىگە 2 قېتىم ھەر قېتىمدا 4 مىسقالدىن قايناقسۇ بىلەن ئىچىلىدۇ. (3) بەدەن ئاجىزلىغىدا، سوغاقتىن بولغان دەم سىقىلىشتا: ياڭاق مېغىزى 2 سەر، جىن كۆۋرزى 3 مىسقال، قايىنتىپ ئىچىلىدۇ. (4) قاداقتا: جىن كۆۋرزىنى قايىنتىپ، قويۇلدۇرۇپ مەلھەم قىلىپ، ئاغرىق ئورۇنغا چې-پىلىدۇ. (5) ئاق كېسەل (ئالاپېسى) دە: جىن كۆۋرزىنى يۇمشاق سوقۇپ، 75% لىق ئىسپىرت بىلەن قوشۇپ، 20% لىق ئىسپىرتلىق ياسالما تەييارلاپ، 7 كۈن توختاتقاندىن كېيىن، كۈنىگە بىر قېتىمدىن ئۇزۇن مۇددەتكىچە سىرتقا سۈركىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاپتاپقا قاقلاش ياكى ئۇلترابىنەپشە (زىۋەيشىيەن) نۇرى بىلەن داۋالاش كېرەك. (6) بالىلارنىڭ سىيگەك كېسىلىدە: جىن كۆۋرزىنى ئېزىپ تالقان قىلىپ، كۈنىگە 3 قېتىم ھەر قېتىمدا بىر مىسقالدىن قايناقسۇ بىلەن ئىچىلىدۇ.

**مىقدارى:** 1 — 3 مىسقال.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ياڭاق

## 核桃 He tao

ياڭاق مېغىزى (核桃仁)، ياڭاق پاسىلى (分心木)

كۆك ياڭاق پوستى (青龙衣)، ياڭاق شېخى (核桃枝)

**ئۆسۈش ئورنى:** جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدا ئۆستۈرۈلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** مېغىزى، پاسىلى، كۆك پوستى ۋە يۇمران نوتا شاخلىرى دورا بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** مېغىزىنىڭ تەمى تاتلىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز بۆرەكنى قۇۋۋەتلەپ، مەنىنى چىڭىتىدۇ. ئۆپكىنى قۇرۇپ، ئۈچەينى نەملەشتۈرۈپ سىلىقلايدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) بەدەن ئاجىزلىقتا، سوزۇلما خاراكتېرلىك كاناي ياللۇغىدا، يۆتىلىپ دېمى سىقىلىشتا، قەۋزىيەتتە، ياڭاق مېغىزى 4 سەر، تاتلىق ئۆرۈك مېغىزى 1 سەر ئېلىپ، سوقۇپ خېمىردەك قىلىپ، بۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقتاردا ھەسەل ۋە خام زەنجىۋىل سۈيى قوشۇپ، تەكشى ئېزىپ، كۈنىگە 3—5 مىسقالدىن ئۇخلاش ئالدىدا يېيىلىدۇ. (2) ئاشقازان يارىسىدا: ياڭاق 100 دانە (كۆيدۈرۈپ پىشۇرۇلغان)، قارا شېكەر ۋە ئاق شېكەرنىڭ ھەر بىرىدىن 4 مىسقال، سېرىق موم 2 سەر، كۆمۈرلەنگەن چىلان 20 دانە ئېلىپ سوقۇپ خېمىردەك قىلىپ، كۆمىلاچ ياساپ كۈنىگە 2 قېتىم ھەر قېتىمدا 5 مىسقالدىن قايناقسۇ بىلەن ئىچىلىدۇ. (3) ھەرخىل ئاشقازان ئاغرىشلاردا: 6 جىڭ پىشمىغان

ياڭاق (6—7 - ئايلاردا ئۈزۈلگەن) نى سوقۇپ ئېزىپ 10 جىڭ ئاق هاراق (60% لىق سپىرت) قا 20—30 كۈن چىلاپ قويۇپ، كۈنىگە 3 قېتىم هەر قېتىمدا 10—15 مىللىلىتىر ئىچىلىدۇ. (4) قىزىلئۆڭگەچ راكى (قىلتاماق) ۋە ئاشقازان راكىدا: ياڭاق شېخىدىن يېرىم جىڭ، توخۇ تۇخۇمىدىن 6 دانە ئېلىپ، ساپال قاچىدا قاينىتىپ، تۇخۇم چالا پىشقان چاغدا شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ يەنە داۋاملىق پىشىرىپ، تۇخۇمنىڭ رەڭگى چىڭ جاڭ (جاڭيۇ) نىڭ رەڭگىگە كىرگەندىن كېيىن يېيىلىدۇ. مۇشۇ ئۇسۇلدا كۈنىگە 3 قېتىم هەر قېتىمدا بىردىن تۇخۇمنى ئۇدا يېرىم ئاي يېيىش بىر داۋالاش مۇددىتى بولىدۇ. (5) توغرى ئۈچەي راكىدا: 2 جىڭ ياڭاق شېخىغا بىر لېتىر سۇ قۇيۇپ، 50 مىللىلىتىر قالغىچە قاينىتىپ، كۈنىگە 3 قېتىم هەر قېتىمدا 1—2 مىللىلىتىر ئىچىلىدۇ (ئەگەر يامان تەسىر كۆرسەتسە كوكماش شورپىسى ئىچىش بىلەن كېسىلىدۇ). (6) سۈيدۈك يوللىرىغا تاش تۇرۇپ قالغاندا: ياڭاق مېغىزى ۋە ناۋاتنىڭ هەر بىرىدىن 2 سەردىن ئېلىپ، ئالدى بىلەن ياڭاقنى قورۇپ ئالغاندىن كېيىن، ناۋات قوشۇپ، يۇمشاق سوقۇپ بىر قېتىمدىلا يېيىلىدۇ. (7) ئېھتىلامدا: 3 مىسقال ياڭاق پاسىلى سۇ بىلەن قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (8) باش تەمرەتكىسىدە: هول كۆك ياڭاق پوستىنى سوقۇپ ئۇماچتەك قىلىپ، باشنى ئىسسىق سۇ بىلەن پاكىز يۇغاندىن كېيىن سۈركىلىدۇ. (9) تەڭگىسىمان تەمرەتكىدە، نېرۋ خاراكتېرلىك تېرە ياللۇغىدا ۋە تازدا: هول كۆك ياڭاق پوستى كۈنىگە 3 قېتىم سۈركىلىدۇ. (10) ئوتتۇرا قۇلاق ياللۇغىدا: ياڭاق يېغىغا ئازراق بىڭپيەن قوشۇپ كۈنىگە 2 قېتىم قۇلاققا تامغۇزۇلىدۇ.

**مىقدارى:** ياڭاق مېغىزى 3—5 مىسقال.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كۈدە ئۇرۇغى

## 韭菜子 Jiu cai zi

**باشقا ئاتىلىشى:** جۇسەي ئۇرۇغى.

**يىغىپ تەييارلاش:** كۈدىنىڭ ئۇرۇغى دورا بولىدۇ. كۈدە پىشقاندا مېۋە رېتىنى ئۈزۈۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، ئۇگۇلاپ تاسقاپ ئۇرۇغى ئايرىۋېلىنىدۇ. كۈدىنىڭ يىلتىزى ۋە يوپۇرماقلىرىمۇ دورا بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى تاتلىقراق ئاچچىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز. جىگەر، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بەل، تىزنى ئىسسىتىدۇ. مۇسپىلىككە ياردەم بېرىدۇ، مەنىنى قويۇقلاشتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) ئۆزلىكىدىن تەرلەشتە ۋە ئوغرى تەردە 2 سەر كۈدە يىلتىزى، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (2) سازاڭسىمان مەددە بولغاندا: كۈدە يىلتىزى 2 سەر، توخۇ تۇخۇمى بىر دانە (تۇخۇمنى كۈدە يىلتىزىنىڭ سۈيىگە چىلاپ هوردا پىشۇرۇپ جىدەنگاۋ قىلىپ)، كۈنىگە بىر قېتىمدىن ئاچ قوساققا يېيىلىدۇ. (3) هىق تۇتۇشتا. تاماقنى يۇتقاندىن كېيىن قىزىل ئۆڭگەشتىن ئۆتۈش قىيىنلاشقاندا: خام كۈدە 4 سەر، يېڭى خام زەنجىۋىل 1 سەر، نەشپۈت 2 دانە ئېلىپ، بۇلارنىڭ سۈيىنى چىقىرىپ 4 سەر قايناتىلغان كالا سۈتىگە قوشۇپ ئۈزمەستىن ئىچىۋېتىلىدۇ. (4) بۇرۇن قاناشتا، تەتۈر هېيىزدا (هېيىز بىلەن تەڭ بۇرنى قاناشتا): كۈدىنى چاناپ، بۇنىڭغا ئازراق تۇز قوشۇپ، بىرلىكتە سوقۇپ سۈيىنى چىقىرىپ كۈنىگە 1 — 2 قېتىم هەر قېتىمدا بىر كىچىك ئىستاكاندىن بالا سۈيدۇكى بىلەن قوشۇپ ئىچىۋېتىلىدۇ. (5) سىيىگەك كېسەلدە،

ئىشلىتىلىشى: كۆدە ئۆرۈگىنى سارغايغىچە قورۇپ، سوقۇپ ھەر قېتىمدا 2 مىسقالدىن قايناقسۇ بىلەن ئىچىلىدۇ (6) جاراھەتلەر قانىغاندا: يىلىتىزلىق كۆدىدىن 4 سەر، خام ھاكتىن 2 سەر ئېلىپ، بۇلارنى بىرلىكتە سوقۇپ، خېمىر دەك قىلىپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، سوقۇپ جاراھەتكە سېپىلىدۇ. (7) قۇلاققا قۇرۇت كىرىۋالغاندا: 2-3 تېمىم كۆدە سۈيى تامغۇزۇلىدۇ. (8) چىشنى قۇرۇت يېگەندە: خام كۆدە ئۈرۈغىنى سوقۇپ ئاچچىقسۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئاغرىق چىشنىڭ كاۋىكىغا تىقىپ قويۇلىدۇ. (9) قايىرىلىش، سوقۇلۇش جاراھەتلىرىدىكى ئاغرىشلاردا: مۇۋاپىق مىقتاردىكى ھول كۆدىنى سوقۇپ خېمىر دەك قىلىپ چاپلىنىدۇ.

**مىقتارى:** كۆدە ئۈرۈغى 1.5 — 3 مىسقال.

# بۇغا

## 鹿 Lu

بۇغا يۇمران مۈڭگۈزى (鹿茸)، بۇغا قاتتىق مۈڭگۈزى (鹿角)، بۇغا مۈڭگۈز يېلىمى (鹿角胶)، بۇغا مۈڭگۈز قالدۇغى (鹿角霜)، بۇغا قەھرى (鹿肾)، بۇغا پەيى (鹿筋)

**ياشاش ئورنى:** كۆپرەك چوڭ تاغلىقلاردىكى ئوت-لاقلاردا، ئورمان چەتلىرىدە ماكانلىشىدۇ، بۇغىچىلىق مەيدانلىرىدىمۇ بېقىلىدۇ. ئالتاي، تيانشان قاتارلىق تاغلىق رايونلاردا كۆپ.

**يىغىپ تەييارلاش:** غاز بويۇن بۇغا ۋە جىيار بۇغىلارنىڭ سۆڭەكلەشمىگەن (قاتمىغان) يۇمران مۈڭگۈزى، سۆڭەكلەشكەن (قاتقان) مۈڭگۈزى، قاتقان مۈڭگۈزنى پىششىقلاپ ئىشلىگەن مۈڭگۈز

يېلىمى، يېلىم ئىشلەشتىن ئېشىپ قالغان مۈڭگۈز قالدۇقى، جىنسى ئەزاسى ۋە ئۇرۇقدېنى، بۇغا قەھرى ۋە ئاياقلىرىنىڭ پەيلىرى دورا بولىدۇ. مارال ھامىلىسى قۇيرۇقى ۋە قېنىمۇ دورا بولىدۇ. بۇغا 3 ياشقا كىرگەندىن كېيىن يۇمران مۈڭگۈزىنى كېسىش باشلىنىدۇ، يىلىغا 1 — 2 قېتىم كېسىۋېلىشقا بولىدۇ. يۇمران مۈڭگۈزنى ھەردەپ ئالغاندىن كېيىن، جاراھەتنى ئوبدان تېڭىش كېرەك. ئېلىنغان مۈڭگۈزى قايناۋاتقان سۇغا بېسىلىدۇ ياكى ھۆردۈتۈپ ئالغاندىن كېيىن قاقلاپ قۇرۇتۇلىدۇ. بۇغىنىڭ قاتقان مۈڭگۈزىنى 3 – 4 – ئايلاردا بۇغا مۈڭگۈز تاشلىغاندا يىغىۋېلىپ، يالسپاق تاراچلاپ ئىشلىتىلىدۇ ياكى يېلىم قايىنتىپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇغا قەھرى، بۇغا پەيى، مارا ھامىلىسى، بۇغا قۇيرۇقى، بۇغا قېنى قاتارلىقلار بۇغىنى (مارالنى) سويغان چاغدا يىغىۋېلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى تۇزلۇق (يۇمران مۈڭگۈزى، مۈڭگۈز يېلىمى تۇزلۇقراق تاتلىق)، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل (مۈڭگۈز يېلىمى سەل ئىسسىق)، زەھەرسىز. بورەككە قۇۋۋەت بېرىپ، مەنىنى كۆپەيتىدۇ. يۇمران مۈڭگۈزى ۋە پەيلىرى پەي ۋە سۆڭەكلەرنى كۈچلەندۈرىدۇ. بۇغىنىڭ قاتقان مۈڭگۈزى ئىششىقلارنى ياندۇرۇپ، توسالغۇلارنى تارقىتىدۇ. سۈت ماڭدۇرىدۇ. مۈڭگۈز يېلىمى قاننى قۇۋۋەتلەندۈرىدۇ ۋە قاننى توختىتىدۇ. بۇغا قەھرى تال، قېرىنلارنى ئىسسىتىپ، ئىچكى ئەزالارنى ئاسرايدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) ئاجىزلىق، بەل - پۇت ماغدۇرسىزلىقى، ئىھتىلام، باش قېيىش، ئەرلىك جىنسى ئاجىزلىقلاردا: بۇغا يۇمران مۈڭگۈزى 1 مىسقال (سوقۇپ ئۇن قىلىپ ئايرىم ئىچىلىدۇ)، كەتىرا 5 مىسقال، بەيجۇ 4 مىسقال، پىنىنىق ئەگرى سۇۋاي 3 مىسقال، داڭگۈي 3 مىسقال، چوغلۇق 3 مىسقال، چۈچۈكبۇيا 2 مىسقال، قايىنتىپ ئىچىلىدۇ. (2) باللارنىڭ ياخشى ئۆسەلمەسلىكىدە،

يۇمشاق سۇگەك ۋە چىش چىقمىش كېچىكىپ قېلىشلاردا: بۇغا يۇمران مۈڭگۈزى 2 مىسقال، سېرىق يوگەي ئۇرۇغى 3 مىسقال، قىزىل مىۋىلىك شاقاقۇل 3 مىسقال، توشقان زەدىگى 3 مىسقال، لىپەكگۈل 3 مىسقال ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، چىكىلەنگەن ھەسەل بىلەن 1 مىسقاللىق كۇمۇلاچ ياساپ، كۈنىگە 2 قېتىم ھەر قېتىمدا بىر كۇمۇلاچتىن يېيىلىدۇ. (3) قان ئازلىقتا: بۇغا يۇمران مۈڭگۈزى 3 فۇڭ،قان تېپەر 3 مىسقال ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ بىر كۈندە ئىككى قېتىم ئىچىلىدۇ. (4) بەدەن ئاجىزلىق - ماغدۇرسىزلىقتا ۋە بەل - پۇت ئاغرىشتا: قاتقان بۇغا مۈڭگۈزى 2 سەر (بوش ئوتتا سارغايغىچە قاخلىنىپ ئۇن قىلىنغان)، لىپەكگۈل 1.5 سەر (ھالرەقتا چىلىنغاندىن كېيىن قاقلاپ قورۇتۇپ ئۇن قىلىنغان)، ئېلىپ چىكىلەنگەن ھەسەل بىلەن كۇمۇلاچ ياساپ كۈنىگە بىر قېتىمدىن 10 كۈندە يەپ تۈگىتىلىدۇ. (5) سۇت بەز ياللۇغىنىڭ باشلىنىشىدا: 2 مىسقال قاتقان بۇغا مۈڭگۈزىنى ئوتتا قاقلاپ سارغايتىپ، يۇمشاق سوقۇپ، سېرىق ھاراق بىلەن ئىچىلىدۇ، ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ياغاچ تاغاق بىلەن ئەمچەكنى سىرىش كېرەك. (6) بادامسىمان بەزنىڭ ئوتكۇر ياللۇغىدا: قاتقان بۇغا مۈڭگۈز يىلتىزىنى (ھالقىسىمان تۈۋىنى) يۇمشاق سوقۇپ، كۈنىگە 3 قېتىم ھەر قېتىمدا 5 - 10 گرام يېيىلىدۇ. (7) قايتا ئىشلىنىپ چىقمىشى توسقۇنلۇققا ئۇچراش خاراكتېرىدىكى قان ئازلىقتا: بۇغا مۈڭگۈز يېلىمى 2 مىسقال (ۋاستىلىق ئېرىتىلگەن)، قورۇلغان بەيجۇ 3 مىسقال، خام پىچەكگۈل 3 مىسقال، قان تېپەر 5 مىسقال، جىن كۆزى 3 مىسقال، قارا ئەندىز 2 مىسقال، داڭگۈي 4 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (8) سۇت يۇرمەسلىكتە: بۇغا مۈڭگۈز قالدۇغى، قارىمۇق، جاغجاقلارنىڭ ھەر بىرىدىن تەڭ مىقتاردا ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، كۈنىگە 3 قېتىم ھەر قېتىمدا 1.5 مىسقالدىن قايناقسۇ بىلەن ئىچىلىدۇ.

مىقدارى: بۇغىنىڭ يۇمران مۈڭگۈزى 0.8 – 1.5 مىسقال، قاتقان بۇغا مۈڭگۈزى 1.5 – 3 مىسقال، مۈڭگۈز يېلىمى ۋە مۈڭگۈز قالدۇغى 3 – 5 مىسقال.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى تارقىتىش ئادرېسى

## پىستە

## 阿月浑子 A Yue hun zi

(سىرداەرىخى ئائىلىسى، پىستە ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** (1) بۇ، چوڭ دەرەخ، 10 مېتىرچە ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. (2) يۇمران نوتىلاردا توپلىشىپ ئۆسكەن، تاق سانلىق پەيسىمان مۈرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك ياپراقلىرى 1 – 3 گىچە، شەكلى تۇخۇمسىمان، يوپۇرماق تومۇرلىرى تورسىمان ۋە ئېنىق بولىدۇ. (3) گۈلى قارامتۇل يېشىل، ئۇچكىلىك مېۋىسى تۇخۇم شەكلىدە ياكى ئۇزۇنراق سوقۇچاق، رەڭگى قىزغۇچ سېرىق، قورۇق لىرى بولىدۇ (249 – رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۆسۈش ئورنى:** خوتەن رايونىدا تېكىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** بۇنىڭ مېغىزى دورا بولىدۇ، مېۋىسنى پىشقان چاغدا يىغىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، ئىشلەتكەندە ئۇچكىسىنى چېقىپ مېغىزىنى ئالىدۇ.

**تەبىتى:** تەمى تاتلىق، تەبىتى ئىسسىق، بورەكنى ئىسسىتىپ مۇسپىلىككە ياردەم بېرىدۇ. ئىشتەيىنى ئېچىپ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** تاماق ھەزىم قىلىشنىڭ بۇزۇلۇشى، ئىشتەي تۇتۇلۇش، تولغاق ۋە ئىچ سۈرۈش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە، ئاجىزلىقتىن بەل تېلىپ ئاغرىشقا، جىنسى ئاجىزلىققا ئىشلىتىلىدۇ.

**مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ.

# كاپىراس

## 阳起石 Yang qi shi

**باشقا ئاتىلىشى:** ئاكتىنولىت

**تونۇش:** بۇ بىر خىل ماگنىي سىلىكات تەركىپلىك تاش پاختا (ئاسبېست) غا ئائىت مەدەن بولۇپ، ئۇزۇن تاسما شەكلىدە ياكى ياپىلاق ئۇزۇن تاسما شەكلىدە، رەڭگى سۈت رەڭلىك ياكى ئاقۇش كۆك رەڭلىك، كەسمە يۈزى ئەگمز - پەس، ئۇزۇنىغا يېرىلىشى يىپسىمان، يۇمشاق ۋە سىلىق بولۇپ، پاقىراپ تۇرىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئالتايدىن چىقىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** خام بويىچە ياكى كۆيدۈرۈپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى تۇزلۇق، تەبىئىتى سەل ئىسسىق، زەھەرسىز. بۆرەكنى ئىسسىتقا مايىللاشتۇرۇپ مۇسىپىدلىككە ياردەم بېرىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) ياشانغان كىشىلەردىكى ئاجىزلىق، تۇگۇش، ماغدۇرسىزلىقتا ۋە پات - پات سىيىپ تۇرۇشتا: كاپىراس ۋە ياچىۋەك تۇخۇمىنىڭ ھەر بىرىدىن 2 سەر ئېلىپ، چېكىلەنگەن ھەسەل بىلەن كۇمۇلاچ ياساپ، كۈنىگە 2 قېتىم ھەر قېتىمدا 3 مىسقالدىن يېيىلىدۇ. (2) ئەرلىك جىنسى ئاجىزلىقتا: كاپىراس ۋە خام لوڭگۇنىڭ ھەربىرىدىن 2 سەر، سېرىق يوگەي ئۇرۇقى 3 سەر، كۇدە ئۇرۇقى 1 سەر، بۇغا قەھرىدىن بىر يۇرۇش ئېلىپ بۇلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ھەسەل سۈيى بىلەن كۇمۇلاچ ياساپ كۈنىگە 2 قېتىم ھەر قېتىمدا 3 مىسقالدىن يېيىلىدۇ.

**مىقتارى:** بۇنىڭ 1—3 مىسقىلىنى كۇمۇلاچ دورىلارغا قوشۇشقا بولىدۇ. بۇنى قايناتمىلارغا قوشۇشقا بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئۇلار

### 雪鸡 Xue ji

ئېگىز تاغلاردا ياشايدىغان مەشھۇر قۇش بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئېگىز تاغلىق رايونلىرىدىن تېپىلىدۇ. كورۇنۇشى توخۇغا ئوخشايدۇ. رەڭگى قارامتۇل كۇلرەڭ، گوشى ناھايىتى لەززەتلىك. گوشىنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق بولۇپ، قۇۋەتنى تولۇقلاش، قاننى جانلاندۇرۇش، بەدەننى چېنىقتۇرۇش تەسىرى تاغ لەيلىسىنىڭكىدىن ياخشى. گوشىنىڭ يەنە ئەتنى ئۆستۈرۈش، قان توختىتىش خۇسۇسىيىتى بار. ئادەتتە خورىزىنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيىتى ياخشى بولىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** تەن ئاجىزلىق، باش قېيىش، كوزى قاراڭغۇلىشىش، ماغدۇرسىزلىق، بەل ـ پۇت ئاغرىش، ئاشقازان 12 بارماق ئۈچەي يارىسى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ. يەنە تاغ لەيلىسىنى ئىشلىتىپ ياخشى ئۈنۈم بەرمىگەندە بۇنى ئىشلەتسە بولىدۇ.

## (3) قاننى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار

(补血药)

## تاش چېچىكى

### 石花 Shi hua

**باشقا ئاتىلىشى:** قۇش ئىزى.

**تونۇش:** بۇ بىر خىل قورام تاشلارنىڭ ئۈستىگە يېپىشىپ ئۆسىدىغان، يالغان يىلتىزلىق، شەكلى پىلاستىنكىغا ئوخشاش، ئۈستىدە ئېگىز ـ پەس قالايمىقان پۈرمە قورۇقلىرى بار لىشاينىك (地衣)

بولۇپ، ئۈستى تەرىپىنىڭ رەڭگى كۆلرەڭ يېشىل، ئاستى تەرىپىنىڭ رەڭگى قارامتۇلراق، كەسمە يۈزى ئاق رەڭدە بولىدۇ (250 - رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۆسۈش ئورنى:** كۆپىنچە نەم قورام تاشلار ئۈستىدە ئۆسىدۇ. رايونىمىزنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** پۈتۈن ئۆتى دورا بولىدۇ. يىلنىڭ ھەممە ۋاقىتلىرىدا قىرىۋېلىپ، كېرەكسىز قۇم - تۇپراقلاردىن تازىلىنىپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ.

**تەبىتى:** تەمى تاتلىق، تەبىتى ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز. قاننى قۇۋۋەتلەپ، كوزنى روشەنلەشتۈرىدۇ. مەنىينى كۆپەيتىدۇ. ئاجىزلىقنى تۈگىتىپ، پەي سۆڭەكلەرنى كۈچلەندۈرىدۇ. تۈگۈنلەرنى يېشىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** رېماتىزىم خاراكتېرىدىكى بەل - پۇت ئاغرىش، ئەرلىك جىنسى ئاجىزلىق، قوساقتىكى تۈرۈپ قالغان ئۇزۇقلۇق تۈگۈنلىرى قاتارلىق كېسەللىكلەر ئۈچۈن ئادەتتىكى مىقدارى بويىچە ئىشلىتىلىدۇ.

**مىقدارى:** 3 — 5 مىسقال.

## داڭگۈي (جۇڭگو داڭگۈيى)

## 当归 dang gui

(كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسى، داڭگۈي ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** (1) كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئېگىزلىكى 0.5 — 1 مېتىر. (2) يىلتىزى سېمىز گۆشلۈك، تۆۋەن قىسمى شاخلىنىدۇ، قوۋزىقى خوما رەڭلىك، غولى تىك، رەڭگى سو-

www.uyghurkitap.com

سون بولىدۇ. (3) يوپۇرمىقى 2 ـ 3 قايتىملانغان ئاق سانلىق پەيـسىمان يىرىلغان، كىچىك ياپراقلىرىنىڭ گىرۋەكلىرى كەمتۈك بولىدۇ. يوپۇرماق سىپىنىڭ تۈۋى كېڭىيىپ غىلاپ شەكلىدە غولنى ئوراپ تۇرىدۇ. (4) مۇرەككەپ كۈنلۈكسىمان گۈل رېتى ئۇچىدا ئۆسىدۇ. رەڭگى ئاق، جۈپ ئاسماق مېۋىسى سوقۇچاقراق، 5 تال قىرى بولىدۇ. يان قىرلىرى تەرەققى قىلىپ كەڭ قاناتقا ئايلانغان (251 ـ رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۇسۇش ئورنى:** ئۇرۇغىدىن كۆپەيتىلىدۇ. ھاۋاسى سالقىن ھول ـ يېغىن كۆپ، تۇپرىقى مۇنبەت، نەمىلىك تاغلىق رايونلاردا ۋە ئېگىزلىكلەردە ئۆستۈرۈلىدۇ. غۇلجا قاتارلىق جايلاردا تېرىپ ئۆستۈرۈلمەكتە.

**يىغىپ تەييارلاش:** بۇنىڭ يىلتىزى دورا بولىدۇ. كەچـكۈزدە قېزىۋېلىپ تازىلاپ، شامال ئۆتـۈشۈپ تۇرىدىغان سايە جايدا قويۇپ چالا قۇرۇتۇپ، ئاندىن سۇس ئوتتا قوۋزىقى خوما رەڭگە كىرگىچە ئىسلاپ قاقلاپ ($\frac{8}{10}$ ھەسسە قۇرۇتۇپ) ئېلىپ قويۇلسا ئۇزۇنغىچە قۇرۇپ كېتىدۇ. ئىشلەتكەن چاغدا تولۇق نەمدەپ يالپاقلاپ خام ياكى ھاراق بىلەن قورۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى ئاچچىقراق تاتلىق، تەبىئىتى ئىسسىقتا مايىل، زەھەرسىز. قاننى قۇۋۋەتلەپ جانلاندۇرىدۇ، ھەيزنى تەڭشەپ، ئاغرىقنى توختىتىدۇ، ئۈچەينى نەملەشتۈرۈپ سىلىقلاشتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) ھەيز تەڭشەلمىگەندە: داڭگۇي 3 مىسقال، ئاق چوغلۇق 2 مىسقال، چۇەنچوڭ 1.5 مىسقال، پىششىق ئەگرى سۇناي 3 مىسقال (ھەيز ئاغرىتىپ كەلسە 3 مىسقال تاغ دېنى قوشۇلىدۇ. ھەيز توختاپ قالسا 3 مىسقال ساگاق مېغىزى، 2 مىسقال زاراڭزا چېچەكى قوشۇلىدۇ) قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (2) ئاغرىتىپ كەلگەن ھەيزدا: داڭگۇي ۋە تاغ دېنىنىڭ ھەر بىرىدىن 1 سەر ئېلىپ

يۇمشاق سوقۇپ، ھەر قېتىمدا 3 مىسقالدىن قايناقسۇ بىلەن ئىچمەلىدۇ ياكى 3 پارچە خام زەنجىۋىل قوشۇپ قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. ( 3 ) قان ئازلىقتا: كەتىرا 3 سەر، داڭگۈي 3 سەر، ئاق چۈغلۈق 6 سەر، توشقان زەدىكى 2 سەر، بۇغا مۈڭگۈز قالدۇغى 1 سەر، ئىشلەنگەن چۈچۈكبۇيا 2 سەر ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، كۈنىگە 2 قېتىم ھەر قېتىمدا 3 مىسقالدىن ئىچىلىدۇ. تۇغۇتتىن كېيىنكى قان ئازلىقتا: داڭگۈي ۋە خام زەنجىۋىلنى قوي گوشى بىلەن شورپا قىلىپ، شورپىسى ئىچىلىدۇ، گوشى يېيىلىدۇ. ( 4 ) ئۇرۇلۇش - سوقۇلۇشتىن بولغان جاراھەتلەردە، كوكرەك تېمىنىڭ زەخمىلىنىشىدە ۋە سانجىق تۇرۇپ قىلىشتا: داڭگۈي 3 مىسقال، پىيزەك 3 مىسقال، شاپتۇل مېغىزى 3 مىسقال، زاراڭزا چېچىكى 3 مىسقال، ئاق قىچا 3 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. ( 5 ) تۇغۇتتىن كېيىنكى چوڭ تەرەت قېتىپ قىلىشتا: داڭگۈينى گۈنجۈت يېغى بىلەن قورۇغاندىن كېيىن ھەر قېتىم 3 مىسقالدىن ئېلىپ، سۇدا قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. ( 6 ) بەل - پۇت ئاغرىغاندا، غەلۋىرەك يارىلاردا: ئادەتتىكى مىقدارى بويىچە ئىچىلىدۇ.

**مىقدارى:** 2 — 4 مىسقال.

ئەسكەرتىش: رايونىمىزنىڭ بەزى جايلىرىدا خەلقلەر ئارىسىدا يەرلىك داڭگۈي (Seselopsis tianschenicum Schischk.) (土当归 ) (252 - رەسىمگە قاراڭ) رەسمىي داڭگۈي ئورنىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئاق چوغلۇق (چوغلۇق)

## 白芍 Bai Shao

**باشقا ئاتىلىشى:** سەللىگۇل، ئاق شويەگۇل

(ئېيىق تاپانلىقلار ئائىلىسى، چوغلۇق ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** (1) كوپ يىللىق سامان غوللۇق ئوسۇملۇك، ئىگىزلىكى 50 — 100 سانتىمېتىر كېلىدۇ. (2) يىلتىزى توم، دوگىلەك تۈۋرۈكسىمان، رەڭگى قارامتۇل قوڭۇر، كەسمە يۈزى ئاقۇش هالرەڭ، يىلتىز پوستى قېلىنراق بولىدۇ. غولى تىك يالغۇز ياكى توپلىشىپ ئوسىدۇ، ئادەتتە شاخلىمايدۇ، پاقىراق، تۈكسىز كېلىدۇ. (3) يوپۇرمىغى نوۋەتلىشىپ ئۇسكەن سېپى ئۇزۇن، ئىككى قايتىلانغان ئۈچ قۇلاقلىق مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرماقلىرى سوقۇچاق، تېمىنە- سىمان، تولۇق گىرۋەكلىك بولىدۇ. (4) گۇلى يوغان، گۇل شاخ- چىلىرىنىڭ ئۇچىدا 2 — 5 تىن بولۇپ ئوسىدۇ، ئاق، قىزىل ياكى هال رەڭلىك بولىدۇ. غۇنچە مېۋىسى 3 — 5 گىچە ئۈچى ئىلمەكسىمان سىرتقا ئىگىلگەن، ئۇرۇغى قارامتۇل قوڭۇر پاقىراق بولىدۇ (253- رەسىمگە قاراڭ).

**ئوسۇش ئورنى:** كۆز ياكى ئەتىياز پەسلىدە بىخ چىقارغان يىلتىزى ئارقىلىق كوپەيتىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ ئۈزلەڭلىك رايونلىرىدا ئوستۇرۇلمەكتە.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورىغا يىلتىزى، ئىشلىتىلىدۇ. 3 — 4 يىل ئوسكەندىن كېيىن ئەتىياز، كۆز پەسلىدە كولىۋېلىپ، لاي - توپىلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، چاچا يىلتىزلىرىنى پاكىز يۇيۇپ، سىرتىدىكى

پوستىنى سويۇۋېتىپ، قومۇچ تاياقچىنى ئوتقايلا سانجىپ كىر كۆزۈشكە بولغىچىلىك قاينىتىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، نەملەپ يالپاغلاپ خام پېتى، هاراق، بىلەن قورۇپ ياكى توپا بىلەن قورۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى چۈچۈمەل قىرىق، تەبىئىتى سەل سوغاق، زەھەرسىز. قاننى قۇۋۋەتلەپ، مەنپىلىكىنى قورۇيدۇ، جىگەرنى يۇمشىتىپ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، ھېيىزنى راۋان قىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** ( 1 ) يۇقۇرى قان بېسىمىدا: ئاق چۈغلۇق 3 مىسقال، جۇيخۇا گۈل 3 مىسقال، خام ئەگرى سۇناي 8 مىسقال، ياز غازىڭى 4 مىسقال، جىنتىيانا 3 مىسقال، سازاڭ 3 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. ( 2 ) قوساق گوشىنىڭ تارتىشىپ قىلىشى، پاقالچەك پېيىنىڭ تارتىشىپ قىلىشىدا: ئاق چوغلۇق 5 مىسقال، خام چۈچۈك-بۇيا 3 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. ( 3 ) ھېيىزنىڭ كوپ كېلىشىدە: قورىغان ئاق چۈغلۇق 2 مىسقال، خام ئەگرى سۇناي 3 مىسقال، ئېشەك يېلىمى 3 مىسقال (ۋاستىلىق ئېرىتىلگەن)، ئەمەن يوپۇرمىغىنىڭ كومۇرى 1 مىسقال، چۈچۈكبويا 1 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. ( 4 ) تولغاق (قان - يىرىڭلىق قۇرۇق ئىنجىق بولغاندا): ئاق چۈغلۇق 3 مىسقال، قارا ئەندىز 1 مىسقال، مامورانچىن 4 مىسقال، چۈچۈكبۇيا 2 مىسقال، ئاقباش ئوت 5 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. ( 5 ) ئوزلۈكىدىن تەرلەشتە: ئاق چۈغلۇق 5 مىسقال، كەتىرا 8 مىسقال، ئەينۇلا 2 مىسقال، سۇدا قاينىتىپ ئىچىلىدۇ.

**مىقتارى:** 1.5 — 3 مىسقال.

**مەنئى قىلىنىشى:** ئاق چۈغلۇقنى مارال قۇلاق بىلەن بىرگە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

## ئالىقات

**枸杞子** Gou ji zi (毛蕊枸杞)

ئالىقات يىلتىز پوستى (地骨皮)

### باشقا ئاتىلىشى: مورىقات

(چەيزە ئائىلىسى، ئالىقات ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** (1) كوپ يىللىق، كىچىك چاتقال، ئېگىزلىكى 1—2 مېتىر كېلىدۇ. (2) يىلتىزى تۈۋرۈكسىمان بولۇپ، غولى كوپ شاخلىنىدۇ، يوپۇرماق قولتۇغىدا قاتتىق تىكەنلىرى بولىدۇ، پوستى ئاقۇش كۈلرەڭ كېلىدۇ. (3) يوپۇرمىغى نوۋەتلىشىپ ياكى توپلىشىپ ئۈسكەن، يىپسىمان تېمىنە شەكىللىك، تولۇق گىرۋەكلىك، يوپۇرماق سېپى قىسقا. (4) گۈلى كىچىك، سوسۇن رەڭلىك، قوڭغۇراق شەكىللىك بولىدۇ، قولتۇغىدىن ئۈسىدۇ. مېۋىسى شىرنىلىك سوقۇچاق كوپ ئۇرۇغلۇق بولۇپ پىشقاندا قىزىرىدۇ (254 — رەسىمگە قارالسۇن).

**ئوسۇش ئورنى:** ئېتىز چەتلىرى، يول ياقىسى، ئېرىق بويى قاتارلىق كۆنگەي تەرەپتە ئۈسىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە ئۇن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورىغا مېۋىسى ۋە ئالىقات يىلتىز پوستى ئىشلىتىلىدۇ. مېۋىسىنى پىشقان ۋاقتىدا ئۈزۈۋېلىپ، سېپىنى ۋە باشقا ئارىلىشىپ قالغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىپ، ئالدى

بىلەن سايىدا قويۇپ، سىرتقى پوستى پۇرلەشكەندىن كېيىن، كۆچ-لۈك ئاپتاپتا پوستى قۇرۇغانغا قەدەر تۇرغۇزۇلىدۇ. ئەتىياز ۋە كۈز پەسلىدە يىلتىزى كولىنىۋېلىنىپ، پاكىزە يۇيۇلغاندىن كېيىن، پوس-تىنى يوقۇرى تەرەپتىن پىچاق بىلەن تىلىپ، ياغاچ قىسمىنى چىقىرىۋې-تىپ توغراپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ.

**تەبىئتى:** ئالقات: تەمى تاتلىق، تەبىئتى موتىدىل، زەھەرسىز. بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، پەي سۆڭەكلەرنى كۈچەيتىدۇ، ئۆپكىنى يۇمشىتىپ، يۆتەلنى توختىتىدۇ، جىگەرگە پايدا قىلىپ، كوزنى روشەنلەش-تۈرىدۇ. يىلتىز پوستى: تەمى قىرىق، تەبىئتى سوغاق، زەھەرسىز. ئۆپكىدىكى ئىسسىقنى تازىلايدۇ، يۆتەل توختىتىدۇ، قاننى سوۋۇتىدۇ، قان توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** ( 1 ) بەل ۋە دۈمبىنىڭ سىقىراپ ئاغرىشىدا، شىكەر سىيىش كېسىلى ۋە ئۆپكە سىلىدە: ئالقات دائىم قىزىل مۇئۇلمك شاقا قۇل بىلەن قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ. ( 2 ) ئەرلىك جىنسى ئاجىزلىقتا، بەل - پۇت ئاغرىشتا، نېرۋ ئاجىزلىقى ۋە ئىھتىلامدا: ئالقات 3 مىسقال، سېرىق يوگەي، قىزىل مۇئۇلمك شاقا قۇل، لوگ-گۇلارنىڭ ھەرقايسىسىدىن 5 مىسقال، سۇدا قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. ( 3 ) يۇقۇرى قان بېسىمدا (باش ئايلىنىش، باش ئاغرىش، قۇلاق غۇڭۇلداش، ئۇيقۇسىزلىق ئەھۋاللىرى بولسا): ئالدقات، پىششىق ئەگرى سوناي، جۈيخۇا گۇللەرنىڭ ھەرقايسىسىدىن 3 مىسقال ئېلىپ، چايغا سېلىپ ئىچىلىدۇ. ( 4 ) ئۈتكۈر كانايچە ياللۇغىدا: ئالقات يىلتىز پوستى 3 مىسقال، ئۈژمە يىلتىز پوستى 3 مىسقال، سوغۇ گۇل 3 مىس-قال، قومۇچ يىلتىزى 1 سەر قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. ( 5 ) گەدەندىكى نوك ھانىسىنىڭ ياللۇغى (چىقان) دا: ئالقات يىلتىزىنىڭ سول پوستىنى بوش ئوتقا قاخلاپ سارغايتىپ، يەنچىپ، كۈنجۈت يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سۈركىلىدۇ.

**مىقتارى:** ئالقات 2—3 مىسقال، يىلتىز پوستى 2—4 مىسقال.

**قوشۇمچە:** نىڭشيا ئالقىتى: (宁夏枸杞) بۇنىڭ ئالقاتتىن پەرقى شۇكى گۈل چېچى قىزىل ياكى سۇس جىگەررەڭ كېلىدۇ. گۈل تاجىسىنىڭ نەيچە قىسمى يېرىقچىلىرىدىن ئۇزۇن بولۇپ، نەيچە قىسمىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەنكى قىسىملىرى يۇمۇلاق كانايسىمان كېلىدۇ. شىرنىلىك مېۋىسى يوغانراق بولىدۇ، رايونىمىزدا كۆپىنچە ئىچكى ئۆلكىلەردىن يۆتكەپ ئەكىلىپ ئۇستۇرۇلمەكتە، ئۇسۇشى خېلى ياخشى بولماقتا.

# ئەگرى سۇناي

## 地黄 Di huang

خام ئەگرى سۇناي (生地) ، پىششىق ئەگرى سۇناي (熟地)

(چۇقا ئائىلىسى، ئەگرى سۇناي ئۇرۇغىدىكى)

**تونۇش:** (1) كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 25 — 40 سانتىمېتىر. ئۆسۈملۈك تېنى ئاقۇش كۈلرەڭ، يۇمشاق تۈكلەر بىلەن قاپلانغان. (2) يىلتىزسىمان غولى چوڭ، گۆشلۈك، كۆپىنچە كونۇسسىمان بولىدۇ، غولى تىك ئۆسىدۇ. (3) تۆۋەندىن ئۆسكەن يوپۇرماقلىرى توپلىشىپ ئۆسىدۇ، شەكلى تەتۈر تۇخۇم شەكلىدە ياكى ئۇزۇن سوقۇچاق، يوپۇرماق يۈزى كۆپ پۈرلەشكەن، ئارقىسى يېشىل سوسۇن رەڭدە بولىدۇ. غولدىن چىققان يوپۇرماقلىرى، تۆۋەندىن چىققان يوپۇرماقلىرىغا نىسبەتەن كىچىكرەك بولىدۇ. (4) گۈلى ئۇچىدىن ئۆسكەن بولۇپ، ئومۇمى گۈل رېتىمنى هاسىل قىلىدۇ. گۈل تاجىسى ئەگرى سۇنايغا ئوخشايدۇ، رەڭگى



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىزغۇچ سوسۇن، ئۇچۇق سوسۇن كېلىدۇ، رەڭلىك سىزىقلىرى بولىدۇ. مېۋىسى تۇخۇم شەكلىدە ياكى تۇخۇمسىمان دۈگىلەك شەكلىدە بولىدۇ (255 - رەسىمگە قاراڭ).

**ئوسۇش ئورنى:** يىلتىزى غولىنى قەلەمچە قىلىپ، تىكىش ئارقىلىق كۆپەيتىلىدۇ. ماناس، غولجا قاتارلىق ئورۇنلاردا ئۆستۈرۈلمەكتە.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورىغا يىلتىزسىمان غولى ئىشلىتىلىدۇ. كۈزدە كولىۋېلىپ، تازىلاپ هول پېتى (هول ئەگرى سۇناي) ياكى يالپاغلاپ قاقلاپ (خام ئەگرى سۇناي) ئىشلىتىلىدۇ. پىششىق ئەگرى سۇناي: ئەگرى سۇنايدىن 100 جىڭ ئېلىپ، ئۇنىڭغا 50 جىڭ سېرىق هاراق قوشۇپ، تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، ۋاستىلىق هالدا هورلاندۇرۇپ. هاراقنى سۈمۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئاپتاپقا سېلىپ، سىرتقى پوستىنىڭ شىلىمشىغى ئازراق قۇرۇغانغا قەدەر قۇرۇتۇپ، ئاندىن ئىدىشقا سېلىپ ساقلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** هول ئەگرى سۇناي، خام ئەگرى سۇناي: تەمى قېرىغراق تاتلىق، تەبىئىتى سوغاق، زەهەرسىز. هول ئەگرى سۇناي ئىسسىقنى ياندۇرۇپ، قاننى سوۋۇتىدۇ. قۇرغاقلىقنى هۆللەپ، خىلتنى هاسىل قىلىدۇ. خام ئەگرى سۇناي ئىسسىقنى ياندۇرۇپ، قاننى سوۋۇتىدۇ، مەنپىلىككە قۇۋۋەت بېرىپ قاننى ئاسرايدۇ. پىششىق ئەگرى سۇناي: تەمى تاتلىق، ئازراق قېرىق، تەبىئىتى ئازراق ئىسسىققا مايىل، زەهەرسىز. مەنپىلىككە مەدەت بېرىپ قاننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) بەدەن ئاجىزلىق. قان ئازلىقتا، باش ئايلىنىپ، كوز قاراڭغۇلىشىش، قۇلاق غۇڭۇلداش، بەل - پۇت ئاغرىشلاردا: پىششىق ئەگرى سۇناي 5 مىسقال، قاسىپەر 5 مىسقال، ئاق چۇغلۇق 3 مىسقال، پېچەككۈل 5 مىسقال، ياۋا كەشمىر 3 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (2) هېيىز تەڭشەلمەسلىكتە، هېيىزدىن بۇرۇن

قوساق ئاغرىشتا: پىششىق ئەگرى سۇناي 3 مىسقال، داڭگـۇي 3
مىسقال، قىزىل چۈغلۈق 3 مىسقال، تاغ دېنى 3 مىسقال، ئەمەن يوپۇر-
مىغى 3 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (3) كىچىك باللاردىكى ئۆپ-
كە ياللۇغىدا قىزىتما بولۇپ قـايتمىسا: خام ئەگرى سۇناي 3 مىس-
قال، ئالىقات يىلتىز پوستى 3 مىسقال، خام گەج 5 مىسقال، ئۈچ-
قات 3 مسقال، ھىندى ئۇسمىسى 3 مىسقال، ھول قـومۇش يىلتىزى
5 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (4) ئـۆپكە سىلىدە، ئـوزلىگىدىن
تەرلەشتە، ئوغرى تەردە: خام ئەگرى سۇناي 4 مىسقال، خام لوڭ-
گۇ 5 مىسقال، ئالىقات يىلتىز پوستى 3 مىسقال، پىچەك بۇغـداي
1 سـەر، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (5) قـايتا ئىشلىنىشى تـوسقۇنلۇقـقا
ئۇچراش خاراكتېردىكى قـان ئـازلىقتا: ئـەگرى سۇناي 5 مىسقال،
داڭگـۇي 3 مىسقـال، ئىشەك يېلىمى (ۋاستىلىق ئېرىـتىلگەن) 3
مىسقال، بۇغا مۈڭگۈز يېلىمى (ۋاستىلىق ئېرىتىلـگەن) 3 مىسقال،
ئاق چۈغلۈق 4 مىسقال، قىزىل مۆلىك شاقاقۇل 4 مىسقال، بەي-
جۇ 3 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (6) ئىسسىقى ئېشىپ كېتىش-
تىن بولغان چىش ئاغرىشتا: ئەگرى سۇنـاي 1 سـەر، كـەۋرەك 2
مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (7) ئوتـتۇرا قۇلاق ياللۇغىدا: ھـول
ئەگرى سۇنايدىن مۇۋاپىق مىقتاردا ئېلىپ، سوقـۇپ شىرىسىنى چە-
قىرىپ، كۇندە 2 قېتىم قۇلاققا تېمىـتىلىدۇ (ئـازراق بىڭپىيەن
قوشۇلىدۇ). (8) شېكەر سىيىش كېسىلىدە: پىششىق ئەگـرى سۇ-
ناي ۋە پـىچەكـگۈلـىنىڭ ھـەر بىرىـدىن 1 سـەر، قـان تېپەر ۋە
مالىنانىڭ ھەر بىرىدىن 5 مىسقال، ئەينۇلا 1.5 مىسقال، قاينىتىپ
ئىچىلىدۇ.

**مىقتارى:** ھول ئەگرى سۇناي 0.4 — 1 سەر، خام ئەگـ
رى سۇناي ۋە پىششىق ئەگرى سۇناي 3 — 5 مىسقال.

# قۇرۇت ئوت

## 冬虫夏草 Dong chong xia cao

(سىپىستىقۇچى زامبۇرۇغلار ئائىلىسى، قۇرۇت ئوت ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** بۇ بىر خىل زامبۇرۇغ بولۇپ، ئۇ «يازلىقى ئوت، قىشلىقى قۇرۇت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل زامبۇرۇغ بىر خىل پىلە قۇرۇتىغا ئوخشايدىغان يىپسىمان ھەشقىپىچەك قۇرۇتىنىڭ تېنىدە تەييارتاپ بولۇپ ئۆسىدۇ. قۇرۇت قىشتا توپىنىڭ ئىچىدە ياتقان ۋاقتىدا قۇرۇت ئوتى زامبۇرۇغى ئۇنىڭ تېنىگە كىرىپ قۇرۇتنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ، ئەتىياز ۋە يازدا قۇرۇت ئوتى زامبۇرۇغى ئۆلگەن قۇرۇتنىڭ باش قىسمىدىن ئۆسۈپ چىقىپ يەردىن كۆتىرىلىپ چىقىدۇ (بەزىلىرىدە ئۆسۈپ چىقمايدۇ). ئۆلگەن قۇرۇتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3—5 سانتىمېتىر، خوما رەڭ، كېسىلگەن يۈزى ئاق رەڭلىك بولىدۇ. زامبۇرۇغنىڭ يەردىن ئۆسۈپ چىققان قىسمى يۇمۇلاق تۈۋرۈكسىمان، ئۇزۇنلۇقى 4—7 سانتىمېتىر، قېنىق خوما رەڭ، ئۇچى تەرىپى سەل تومراق بولۇپ، پۈتۈن شەكلى خۇددى موبى قەلەمگە ئوخشايدۇ (256 - رەسىمگە قاراڭسۇن).

**ئۆسۈش ئورنى:** ئېگىز تاغلىق رايونلاردا ئۆسىدۇ، ئالتاي تاغلىرىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىش تەييارلاش:** قار ئېرىپ، تېخى ئوت - چۆپلەر ئۆسۈپ چىقمىغان ۋاقىتتا يىغىۋېلىنىدۇ. ئاپتاپتا چالا قۇرۇتقاندىن كېيىن سىرتقى پوستىنى سويۇۋېتىپ، تولۇق قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى تاتلىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل. ئۆپكە ۋە

بورەككە پايدا قىلىدۇ، يېلىكنى تولۇقلايدۇ، قان توختىتىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) ئۆپكە سىلىدىن بولغان يوتەلدە، قان تۈكۈرۈشتە، قېرىلىقتىن بولغان ئاجىزلىقتا ۋە دەم سىقىلىشتا: قۇرۇت ئوت 1 سەر، سوغۇ گۈل 5 مىسقال، گۈلسامساق 4 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (2) قان ئازلىق، كېسەلدىن كېيىنكى ئاجىزلىق، ئەرلىك جىنسى ئاجىزلىقتا ۋە ئېھتىلامدا: كەتىرا 1 سەر، قۇرۇت ئوت 5 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ، (3) بورەك ئاجىزلىقتىن بەل ـ تىز ئاغرىشتا: قۇرۇت ئوت 1 سەر، ئالىقات 1 سەر ئېلىپ، ئىككى جىنك سېرىق ھاراققا بىر ھەپتە چىلاپ، 5—10 گرامدىن كۈنىگە 2 قېتىم ئىچىلىدۇ.

**مىقدارى:** 1.5—3 مىسقال.

## مەنپىلىكنى ئاسرايدىغان دورىلار

(养阴药)

# ھەسەل

## 蜂蜜 feng mi

蜂蜡 موم سېرىق

**باشقا ئاتىلىشى:** بال

**تەبىتى:** ھەسەل: تەمى تاتلىق، تەبىتى موتىدىل، زەھەرسىز. ئۆپكىنى يۇمشىتىپ، يوتەلنى توختىتىدۇ، دال ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئۈچەينى سىلىقلاشتۇرۇپ، تەرەتنى راۋان قىلىدۇ، تال ئاشقازاننى مۇتىدىللەشتۈرۈپ، ئاغرىقنى توختىتىدۇ، بۇۋانە بىلەن زە-

ھەرلەنگەندە زەھەرنى قايتۇرىدۇ، ياللۇغلىنىشنى ياندۇرىدۇ. سېرىق موم: تەمى تاتلىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز. ئىششىقلارنى ياندۇرۇپ ئاغرىق توختىتىدۇ، يارا ئېغىزلىرىنى قورۇپ، گوش ئۆندۈرىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) تال، ئاشقازان ئاجىزلىشىشتا، كانايچە ياللۇغى ۋە گال تاماق ياللۇغىدا: 1 سەر ھەسەل، قايناقسۇ بىلەن ئىچىلىدۇ. (2) ئادەتلەنگەن قەۋزىيەتتە (قېرى، ئاجىز كىشىلەر): ھەسەل (ئايرىم ئىچىلىدۇ) ۋە قومۇچ يىلتىزىنىڭ ھەر بىرىدىن 1 سەر، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (3) ئېغىز يارىسى ۋە كويۇك يارىلىرىدا: ھەسەلدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سۈرتىلىدۇ. (4) ئۆششۈكتە: ھەسەلدىن 7 فۇڭ، چوشقا مېيىياكى قوي مېيىدىن 3 فۇڭ ئېلىپ، ئارىلاشتۇرۇپ مەلھەم ياساپ، ئاغرىق ئورۇنغا سۈرتۈلىدۇ. (5) سەينەكتە: سۇڭ پىياز بىلەن ھەسەلدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، سوقۇپ خېمىر ھالىتىگە كەلتۈرۈپ، ئاغرىق بارماققا چېپىلىدۇ (ئىچىشكە ھەرگىز بولمايدۇ)! (6) تولغاقتا ئۇزۇن مۇددەت قان، يىرىڭ ئارىلاش تەرەت قىلغاندا: سېرىق موم 3 مىسقال، زىرىق 5 مىسقال (سوقۇپ تالقان قىلىنىدۇ)، ئېشەك يېلىمى 3 مىسقال، بۇلارنى بىرلىكتە ئېرىتىپ، ئۈچكە بولۇپ ئىسسىق بويىچە ئىچىلىدۇ.

**مىقدارى:** 0.3 — 1 سەر.

## كەندىر ئۇرۇقى (كەندىر)

## 火麻仁 Huo ma ren (大麻)

(كەندىر ئائىلىسى، كەندىر ئۇرۇقىدىنشى)

**يىغىپ تەييارلاش:** بۇ كەندىرنىڭ پىشقان ئۇرۇقى. كەندىر ئوبدان پىشقان ۋاقتىدا ئورۇۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، ئۇرۇقىنى سوقۇۋېلىپ تازىلايدۇ، ئىشلىتىش ۋاقتىدا شاكىلى چىقىرىۋېتىلىدۇ.

**تەبىتى:** تەمى تاتلىق، تەبىئىتى موتىدىل، زەھەرسىز. قۇر-غاقلىقنى يۇمشىتىپ، ئۈچەينى سىلىقلاشتۇرىدۇ. جىگەر ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە ئاسرايدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) قەۋزىيەتتە (قېرى، ئاجىز كىشىلەر، تۇ-غۇتتىن كېيىن تېنى ئاجىزلاپ كەتكۈچىلەر): كەندىر ئۇرۇغى 5 مىسقال، داڭگۇي 5 مىسقال، شاپتۇل مېغىزى 3 مىسقال، قايناتقىلىپ ئىچىلىدۇ. (2) چاچ چۈشۈشتە: كەندىر يوپۇرمىقى ۋە ئۈژمە يوپۇرمىقىدىن مۇۋاپىق مىقتاردا ئېلىپ، قايناتقىلىپ باش يۇيۇلىدۇ.

**مىقتارى:** 3 — 5 مىسقال.

# شىقىلداق

## 沙参 Sha shen

(قوڭغۇراق گۈللۈكلەر ئائىلىسى، شىقىلداق ئۇرۇغىدىشى)

**تونۇش:** (1) كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، تۈۋىدىن تىك ئۆسىدۇ. ئېگىزلىكى 50 — 100 سانتىمېتىر. (2) يىلتىزى توم، كونۇس شەكىلدە، سىرتقى پوستى توق خومارەڭدە بولىدۇ. (3) يوپۇرمىقى نوۋەتلىشىپ ئۆسكەن، شەكلى تۇخۇمسىمان ياكى تېمىنەسىمان بولۇپ، گىرۋىكى رەتسىز ھەرە چىشلىق كېلىدۇ. (4) گۈل رەتى كونۇسسىمان بولۇپ ئۇچىدا ئۆسىدۇ. گۈلى سۇس كۆكۈش سۇسۇن، قوڭغۇراق شەكىللىك بولىدۇ. غوزا مېۋىسى تۇخۇم-سىمان يۇمۇلاق بولىدۇ (257 - رەسىمگە قاراڭسۇن).

**ئۆسۈش ئورنى:** كۆزنگەي تاغ باغرىدا، چىمەنلىكلەردە ئۆسىدۇ. ئالتاي، تارباغاتاي قاتارلىق جايلاردىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورىغا يىلتىزى ئىشلىتىلىدۇ. باھاردا

ۋە كۆزدە قىزدۇۋېلىپ، سىرتقى پوستىنى سويۇۋېتىپ، پاكىز يۇيۇپ، نېپىز يالپاغلاپ توغراپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى تاتلىق، تەبىئىتى سەل سوغاق، زەھەرسىز.

مەنپىلىكنى ئاسراپ، ئۆپكىنى تازىلايدۇ، خىلىت ھاسىل قىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) كاۋاكلىق ئۆپكە سىل كېسىلىدە: شىقىلداق 5 مىسقال، بەيجۇ 2 مىسقال، بەيبۇ يىلتىزى 3 مىسقال، ئۆرۈك مېغىزى 2 مىسقال، تەڭگە يوپۇرماق 3 مىسقال، چۈچۈكبۇيا 2 مىسقال، سۇدا قاينىتىپ، بىر كۈندە 2 قېتىمدىن ئىچىلىدۇ. (2) قان تۈكۈرۈشتە: شىقىلداق 3 مىسقال، ئۈژمە يوپۇرمىقى 3 مىسقال، گۈلسامساق 3 مىسقال، غاز ئوتى 5 مىسقال، سۇدا قاينىتىپ بىر كۈندە 2 قېتىمدىن ئىچىلىدۇ.

**مىقدارى:** 3 — 5 مىسقال.

# تاشپاقا قېپى

## 龟板 Gui ban

**باشقا ئاتىلىشى:** پاقا چاناق

**دورىنىڭ كېلىش مەنبەسى:** ئۆمىلىگۈچى ھايۋان تاش پاقىنىڭ قوساق قىسمىدىكى قېپىدىن ئىبارەت.

**چىقىش ئورنى:** نەم جايلار، كۆللەر، قۇرۇقلۇقلاردا بولىدۇ. كورلا، باغراش كۆلى ۋە سۇيدۇڭ قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** (1) خام تاشپاقا قېپى. سۇ تاپلانغان ساپال كومزەككە تاشپاقا قېپىنى سېلىپ، ئاغزىنى مەھكەم بېكىتىپ، 30 كۈن چىلاپ قويغاندىن كېيىن، سېسىق سۈيىنى تۆكۈ-

ۋېتىپ، يەنە كۈنىگە بىر قېتىم سۇ يۇتكەش شەرتى بىلەن 7 كۈن چىلاپ قويۇلىدۇ، ئاندىن تاشپاقا قېپى ئـاپتاپتا قـۇرۇتۇلىدۇ. (2) ئاچچىـقسۇلاشتۇرۇلغان تاشپاقا قېپى: ئالدى بىلەن قـۇمنى قازاندا قورۇۋېلىپ بۇنىڭغا خام تاشپاقا قېپىنى سېلىپ، ئۈستى بىر ئاز سارـ غايغىچە قورۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قۇمنى پاكىز تاسقىۋېتىپ، ئىسـ سىق چېغىـدىلا ئاچچىـقسۇ پۈركۈپ (ھەر بىر جىڭ تاشپاقا قېپى ئۈچۈن 3 جىڭ ئاچچىق سۇ كېتىدۇ) ئاندىن چوقۇپ پـارچىلاپ، قۇرۇق جايدا قويۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى تاتلىق، تەبىئىتى موتىدىل، زەھـەرسىز. مەنپەلىكنى ئاسراپ، قۇرۇق ئىسسىقنى ياندۇرىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) مـەنپەلىكى ئـاجىزلىشىپ، قـۇرۇق ئىسسىغـى ئۆرلەپ كېتىشتە، كەچقۇرۇن قىزىشتا، ئوغرى تەرلەشتە: تاشپاقا قېپى 1 سەر، پىششىق ئـەگرى سـۇناي 6 مـسقال، جۇمۇ ۋە خۇاڭبۇنىڭ ھەر بىرىدىن 3 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (2) قان ئازلىقتىكى بەدەن ئاجىزلاش ۋە بالىياتقۇ قاناشتا: قاقلانغان تاشپاقا قېپىنى يۇمشاق سوقۇپ، مۇۋاپىق مىقتاردا ئاق شېكەر قوشۇپ، كۈـ نىگە 2 — 3 قېتىم ھەر قېتىمدا 3 — 5 فۇڭدىن ئىچىلىدۇ.

**مىقتارى:** 0.5—1 سەر.

# ئېشەك يېلىمى

## 阿胶 A jiao

**يىشىپ تەييارلاش:** ئېشەك يېلىمى ئېشەك تېرىسىنىڭ يېلىمى بولۇپ، ئۇنى ئەتىياز، كۈز، قىش پەسىللىرىنىڭ ھـەممىسىدە جىياگۇڭ قىلىشقا بولىدۇ. ئىشلەش جەريانى مۇرەككەپ بولۇپ، ئاساـ

سەن خام ئەشيا تەييارلاش، يىلىم قايناتىش، كوپىگىنى ئېلىش، چىكىلەش، كېسىش ۋە سۇۋۇتۇش قاتارلىق باسقۇچلاردىن ئۆتىدۇ، ۋاستىلىق ئېرىتىپ ئىچىلىدۇ ياكى قايناقسۇغا بېسىۋېلىپ ئاندىن دورىغا قوشۇپ قايىنتىپ ئىچىلىدۇ.

**تەبىتى:** تەمى تاتلىق، تەبىتى موتىدىل، زەھەرسىز.

مەنپەلىكنى ئاسراپ، قاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۆپكىگە قۇۋۋەت بېرىپ، قۇرۇقلۇقنى نەملەيدۇ، قان توختىتىدۇ. ھامىلىنى ئاسرايدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) ئۆپكە سىلىدىن قان تۈكۈرۈشتە: ئېشەك يېلىمى (ۋاستىلىق ئېرىتىلگەن) 3 مىسقال، قىزىلقىز ئۇرۇغى 3 مىسقال، چۇچۇكبۇيا 2 مىسقال، زىراۋەندە 3 مىسقال، ئورۇك مېغىزى 3 مىسقال، تاڭزۇڭزا گۇرۇچى 8 مىسقال، قايىنتىپ ئىچىلىدۇ. (2) ھېيىز تەكشەلمەسلىكتە، بالىياتقۇنىڭ پاتالىيەتچان قانىشىدا ۋە ھامىلدارلىقتىن قوساق ئاغرىشتا: ئېشەك يېلىمى (ۋاستىلىق ئېرىتىلگەن) 3 مىسقال، چۇەنچۇڭ 2 مىسقال، چۇچۇكبۇيا 2 مىسقال، ئەمەن 3 مىسقال، داڭگۇي 2 مىسقال، ئاق چۇغلۇق 3 مىسقال، خام ئەگرى سۇناي 4 مىسقال، قايىنتىپ ئىچىلىدۇ.

**مىقتارى:** 1.5 — 3 مىسقال.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# 12. ھەزىم قىلىشقا ياردەم بەرگۈچى دورىلار

(助消化药)

ھەزىم قىلىشقا ياردەم بەرگۈچى دورىلار تال ۋە ئاشقازاننى ياخشىلاپ، تاماقنىڭ ھەزىم بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تۇرۇپ قالغان ماددىلارنى ھەزىم قىلىپ سىڭدۈرگۈچى تەسىرى بار دورىلار. بۇ دورىلار تاماق ھەزىم قىلىشنىڭ ياخشى بولماسلىقى، ئىشتەيسىزلىق، ئاچچىق سۇ ياندۇرۇش، كۆڭۈل ئاينىش، قۇسۇش، چوڭ تەرەت نورمال بولماسلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

## ھەزىم ئېچىتقۇسى

神曲 shen qū

**پىششىقلاپ ئىشلەش:** بۇدۇشقاق، سۇ قامچا ئوتى، كوك ئەمەنلەرنىڭ ھەر بىرىدىن بىر جىڭدىن ئېلىپ، سوقۇپ شىرىسى چىقىرىلىدۇ. قىزىل ماش ۋە ئۆرۈك مېغىزىنىڭ ھەر بىرىدىن بىر جىڭ، بۇغداي كېپىكىدىن 5 جىڭ ئېلىپ ھەممىنى يۇمشاق سوقۇپ يۇقۇرقى دورىلارنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، خېمىر قىلىپ، ئوت - چوپ دۆۋىسىنىڭ ئىچىدە 5 — 7 كۈنگىچە ئېچىتىپ تاكى پۇراق پەيدا بولۇپ، سارغايغىچە تۇرغۇزۇپ، ئاندىن ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، كويگەنگە قەدەر قورۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى ئاچچىغراق تاتلىق، تەبىئىتى ئىسسىققا

مايىل، زەھەرسىز. تاماق سىڭدۈرىدۇ، ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ، سۈتنى قايتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** ( 1 ) تاماق ھەزىم قىلىش ياخشى بولمىغاندا، قوساق كوپۈپ ئىچ سۈرگەندە: ھەزىم ئېچىتقۇسى 3 مىسقال، كۆيدۈرۈلگەن ئارپا ئۈندۈرمىسى 3 مىسقال، قورۇلغان بەيجۇ 2.5 مىسقال، ياۋا كەشمىر 2 مىسقال، خام زەنجىۋىل 3 ياپراق، ئەينۇلا 3 دانە، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ.

**مىقتارى:** 2 — 4 مىسقال.

**مەنئىي قىلىنىشى:** بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئىچىش مەنئىي قىلىنىدۇ.

# ئارپا ئۈندۈرمىسى

## 麦芽 Mai ya

**پىششىقلاپ ئىشلەش:** ئارپىنى سۇدا پاكىز يۇغاندىن كېيىن سۈزۈۋېلىپ، سېۋەت ياكى ياغاچ ساندۇقنىڭ ئىچىگە سېلىپ ئاغزىنى يېپىپ، پات - پات سۇ چېچىپ تۇرۇلىدۇ. ئۇ 0.5 — 1 سانتىمېتىر ئۈنۈپ چىققان ۋاقىتتا ئېلىپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، سارغايغىچە ياكى قارايغىچە قورۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىتى:** تەمى تۇزلۇق، تەبىتى ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز. تالنى تەڭشەپ، ئاشقازاننى ياخشىلايدۇ. ھەزىم قىلىشنى ياخشىلاپ مەيدە چىڭقىلىشنى بوشىتىدۇ، سۈت ياندۇرىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** ( 1 ) سېسىق كېكىرىش، قوساق كۆپۈش، تاماق ھەزىم قىلىشنىڭ ناچارلىشىشىغا ئىشلىتىلىدۇ. ( 2 ) سۈت قايتۇرۇش ئۈچۈن: قورۇلغان ئارپا ئۈندۈرمىسىدىن 2 - 4 سەر قاينى -

تمپ ئىچىلىدۇ ياكى داڭگۈي 3 مىسقال، قىزىل چۈغلۈق 3 مىسقال، چۈەنچۇك 2 مىسقال، زاراڭزا چېچىكى 3 مىسقال، قورۇلغان ئارپا ئۈندۈرمىسى 2 سەر، لىپەكگۈل 3 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ.

**مىقتارى:** 3 — 4 مىسقال.

**مەنئى قىلىنىشى:** بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللار ۋە ھامىلدار ئايالللارغا ئىچىش مەنئى قىلىنىدۇ.

## چۈژگۈن ئۈندۈرمىسى

### 谷芽 Gu ya

**باشقا ئاتىلىشى:** گۈز قۇناق ئۈندۈرمىسى.

**پىششىقلاپ ئىشلەش:** شال ياكى چۈژگۈننى سۇدا پاكىز يۇغاندىن كېيىن، سۈزۈۋېلىپ، سېۋەت ياكى ياغاچ ساندۇققا سېلىپ، ئاغزىنى ياخشى يېپىپ، پات - پات سۇ چېچىپ تۇرۇلىدۇ. ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن ئېلىپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، سارغايغىچە ياكى قارايغىچە قورۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىتى:** تەمى تاتلىق، تەبىتى ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز. ئاشقازان، تالنى ياخشىلايدۇ، مەيدىدە تۇرۇپ قالغان تاماقنى سىڭدۇرىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** ( 1 ) تاماق سىڭمەسلىك ۋە قوساق كۆپۈشتە: قورۇلغان چۈژگۈن ئۈندۈرمىسى 3 مىسقال، قورۇلغان ئارپا ئۈندۈرمىسى 3 مىسقال، كويدۇرۇلگەن دولانە 3 مىسقال، كويدۇرۇلگەن ھەزىم ئېچىتقۇسى 3 مىسقال، قورۇلغان تۇرۇپ ئۇرۇغى 2 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. ( 2 ) ھەزىم قىلىشنىڭ ياخشى بولماسلىقىدا: قورۇلغان چۈژگۈن ئۈندۈرمىسى 3 مىسقال، قانسە 2 مىسقال، ئىشلەنگەن چۇچۇكبۇيا 2 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ.

**مىقتارى:** 2 — 5 مىسقال.



www.uyghurkitap.com

# قانىسە

## 鸡内金 Ji nei jin

**باشقا ئاتىلىشى:** توخۇ تاشلىغى ئىچكى پەردىسى

**تونۇش:** بۇ، توخۇ تاشلىغىنىڭ ئىچكى پەردىسى بولۇپ، شەكلى خالتىغا ئوخشايدۇ. قۇرۇغاندىن كېيىن قاتتىق، چۇرۇك بولۇپ قالىدۇ. رەڭگى ئالتۇن سېرىق رەڭ ياكى ئازراق يېشىل رەڭدە بولۇپ، ئېنىق يۇرمىلىرى بولىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** توخۇنى ئۆلتۈرۈپ، تاشلىغىنىڭ ئىچكى پەردىسىنى ئېلىپ، پاكىز يۇيۇپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، خام پېتى ياكى كۆيۈپ چىققانغا قەدەر قورۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى تاتلىق، تەبىئىتى مۆتىدىل، زەھەرسىز. مەيدىدە تۇرۇپ قالغان تاماقنى سىڭدۈرىدۇ، ئاشقازان، تالنى ياخشىلايدۇ، سۈيدۈكنىڭ قېتىم سانىنى ئازايتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) تاماق سىڭمەسلىكتە، مەيدىسى چىڭقىلىپ تۇرۇشتا: قانىسە، ھەزىم ئېچىتقۇسى، ئارپا ئۈندۈرمىسى، دولانىنىڭ ھەر بىرىدىن 3 مىسقال ئېلىپ، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (2) باللاردىكى سوزۇلما خاراكتېرلىك ھەزىم قىلمىشنىڭ بۇزۇلۇشىدا: قانىسە 1 سەر، بەيجۇ 2 سەر ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، ھەر قېتىمدا 3 — 5 فۇڭدىن كۈندە 3 قېتىم قايناقسۇ بىلەن ئىچىلىدۇ (3 — 5 ياش باللارغا). (3) ئىشتەيسىزلىكتە: 3 مىسقال قانىسەنى قورۇپ سارغايتىپ، 3 كە بولۇپ قايناقسۇ بىلەن ئىچىلىدۇ. (4) باللاردىكى سىيگەك كېسىلىدە: قورۇلغان قانىسەدىن بىر مىسقال ئېلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يۇمشاق سوقۇپ، 3 مىسقال ياچمۇەك تۇخۇم قايناتما سۈيى بىلەن قو-شۇپ ئىچىلىدۇ.

**مىقتارى:** 1 — 3 مىسقال.

# قۇلماق

## 啤酒花 Pi jiu hua （忽布）

**باشقا ئاتىلىشى:** خەمىلگۈل، پەۋاگۈل.

(كەندىر ئائىلىسى، قۇلماق گۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** كوپ يىللىق، سامان غوللۇق پىلەك تارتىپ ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇزۇنلۇغى 10 مېتىرچە كېلىدۇ. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنىدە ئىلمەك تىكىنى بولىدۇ. (2) يوپۇرمىغى ئۇدۇل ئۆسكەن، سېپى ئۇزۇن، يوپۇرماق تېنى تۇخۇم شەكلىدە، 3كە يېرىلغان ياكى يېرىلمىغان، ھەرە چىشسىمان گىرۋەكلىك. (3) گۈل رېتى قولتۇغىدىن ئۆسكەن، ئاتىلىق ۋە ئانىلىق گۈللىرى باشقا-باشقا تۈپلەردە بولىدۇ. ئاتىلىق گۈلى كىچىگرەك، ساغۇچ يېشىل بولۇپ، تومۇمى گۈل رېتىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئانىلىق گۈل رېتى باشاقسىمان، سىرتىدا كوپلىگەن يوپۇرماقسىمان ئورىغۇچى ياپراقلىرى بولۇپ، پىشقان ۋاقتىدا كوپ مىقتاردا سېرىق گۈل چېڭى بولىدۇ (258-رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۆسۈش ئورنى:** شىنجاڭنىڭ تۇزلەڭلىك رايونلىرىدا كوپ ئوستۇرۇلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورا ئۈچۈن ئانىلىق گۈل رېتى ئىشلىتىلىدۇ. ياز ۋە كۈز پەسلىدە تولۇق چېچەكلىگەندە يىغىۋېلىپ،

ھول پېتى ياكى ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىتى:** تەمى قىرىق، تەبىتى سوغاقراق، زەھەرسىز.
ئاشقازاننى ياخشىلاپ، تاماق سىڭدۈرىدۇ، سۈيدۈكنى راۋان قىلىدۇ، نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) تاماق ھەزىم قىلىشىنىڭ بۇزۇلۇشىدا، قوساق كوپۇشتە، (2) ئىششىقتا، دوۋساق ياللۇغىدا. (3) ئۆپكە سىلىدە، ئۇيقۇسىزلىقتا ئىشلىتىلىدۇ.

**مىقتارى:** 0.5 — 1 مىسقال.

## دولانە (قىزىل دولانە)

### 野山楂 Ye shan zha （辽山楂）

(ئەتىرگۈل ئائىلىسى، دولانە ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** (1) يوپۇرماق تاشلايدىغان كىچىك دەرەخ ياكى چاتقال، ئېگىزلىكى 2 مېتىرچە كېلىدۇ. شاخچىلىرىنىڭ ئۇزۇن تىكىنى بولىدۇ. (2) يوپۇرمىغى نوۋەتلىشىپ ئۆسكەن، دۈگىلەك ياكى سوقۇچاق، 3كە چوڭقۇر يېرىلغان، يېرىقچە يوپۇرماقلىرى ھەرەـ چىشسىمان بولىدۇ. (3) گۈل رېتى ئۇچىدىن ئۆسكەن، ئوگزىسىمان، گۈلى ئاق ياكى سۇس قىزىل، شىرنىلىق مېۋىسى ئاچ قىزىل بولىدۇ (259 - رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۆسۈش ئورنى:** تاغلاردا ۋە دەريا ۋادىلىرىدىكى چاتـ قاللىقلاردا ئۆسىدۇ. تيانشان، ئالتاي رايونلىرىدا كوپ تارقالغان.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورىغا مېۋىسى ئىشلىتىلىدۇ. ياز ۋە كۈز پەسلىدە يىغىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، سۇس ساغۇچ رەڭگە كىرگەنگە قەدەر ياكى قارايغىچە قورۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

uyghurkitap.com
www.uyghurkitap.com

**تەبىتى:** تەمى چۈچۈمەل، تەبىتى ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز. تالنى ياخشىلايدۇ، تاماق سىڭدۈرىدۇ، توسقۇنلۇقلارنى ئاچىدۇ، تۈرۈپ قالغان يەلنى ماڭدۇرىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) تاماق ھەزىم قىلىشنىڭ بۇزۇلۇشىدا، مەيدىدە تاماق تۈرۈپ قېلىپ سىڭمەسلىكتە، قوساق كۆپۈشتە ۋە ئاشقازان كېسەللىكىنىڭ كېمىيىشىدە: دولانە 6 سەر، ھەزىم ئېچىتقۇسى 2 سەر، قارا ئۈندىز 2 مىسقال، تۈرۈپ ئۇرۇغى 1 سەر، يۇمشاق سوقۇپ، ھەر قېتىمدا 2 مىسقالدىن كۈنىگە 2 قېتىم ئىچىلىدۇ ياكى دولانە، ئارپا ئۈندۈرمىسى، ھەزىم ئېچىتقۇسىنىڭ ھەر بىرىدىن 3 مىسقال ئېلىپ، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (2) باللاردىكى تاماق ھەزىم قىلىشنىڭ بۇزۇلۇشىدا، ئىچى سۈرۈشتە: كويدۈرۈلگەن دولانە 3 مىسقال، ھەزىم ئېچىتقۇسى 2 مىسقال، قورۇلغان ئارپا ئۈندۈرمىسى 2 مىسقال، قۇستە 1 مىسقال، قانتېپەر 3 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (3) تۇغۇتتىن كېيىن قوساق ئاغرىشتا: كويدۈرۈلگەن دولانە 2 سەر، زاراڭزا چېچىكى 1 مىسقال، ئېلىپ، قاينىتىپ سېرىق ھاراق بىلەن قوشۇپ ئىچىلىدۇ.

**مىقدارى:** 2 — 4 مىسقال.

## بىيە

## 榅桲 Wen bo

(ئەتىر گۈل ئائىلىسى، بىيە ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** (1) يوپۇرماق تاشلايدىغان، چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ بولۇپ، ئېگىزلىكى 3 - 6 مېتىر كېلىدۇ. يۇمران شاخچىلىرى تىۋىتلىق بولىدۇ. (2) يوپۇرمىغى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، سېپى بار.

شەكلى تۇخۇمسىمان ياكى سوقۇچاق، ئۇچى دۇگىلەك ئۇچلۇق بولۇپ، ئالدى يۈزى قارامتۇل يېشىل، ئارقا يۈزى زىچ ساغۇش كۈلرەڭ تىۋىتلىق تۈكلەر بىلەن قاپلانغان. (3) گۈلى يالغۇز بولۇپ، يۇمران شېخىنىڭ ئۇچىدا ئۇسىدۇ، گۈل تاجى ياپرىغى 5 تال، رەڭگى ئاق ياكى سۇس قىزىل، گۈل ۋە مېۋىسى خۇشبۇي پۇرايدۇ. مېۋىسى نەشپۈتسىمان بولۇپ، ئۇرۇغى كوپ، سىرتىدا يۇمشاق تىۋىتلىق تۈكلىرى بولىدۇ (260 - رەسىمگە قارالسۇن).

**ئوسۇش ئورنى:** كۇچار، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق رايونلاردا تېرىپ ئوستۇرۇلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورا ئۇچۇن مېۋىسى ئىشلىتىلىدۇ. پىشقاندىن كېيىن يىغىۋېلىپ، سايىدا قۇرۇتۇلىدۇ.

**تەبىئتى:** تەمى چۈچۈمەل تاتلىق، تەبىئتى ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز. ھوللۇكنى ھەيدەپ، ئىسسىق ئوتۇشنى ياندۇرىدۇ، پەيلەرنى بوشاشتۇرىدۇ، تال - ئاشقازاننى ئىسسىتىپ، يەلنى ھەيدەيدۇ، تاماق سىگدۇرىدۇ. رايونىمىزدا بىيىنى كۆلى بىيىسى ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** ئىسسىق ئوتۇپ قۇسۇش، ئىچ سۇرۇش، تال
وساق كوپۇش، تاماش ھەزىم قىلمىشنىڭ
ش، پاقالچەك پېيى تارتىشىپ قىلىش
ۇ. (2) نامەلۇم ئىششىقلاردا:
زىپ شىرىسىنى چىقىرىپ سۇرتۇلىدۇ.
ال. سىرتقا مۇۋاپىق مىقداردا

# 13. مەددە چۈشۈرگۈچى دورىلار

مەددە چۈشۈرگۈچى دورىلار، ئۈچەي يولىدىكى تەييارتاپ قۇرۇتلارنى چۈشۈرىدىغان دورىلار بولۇپ، سازاڭسىمان مەددە (ئاسكارىدا)، پەچان قۇرۇت (سولېترا)، تۇتۇ قۇرۇت قاتارلىقلارنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

## ھىلىڭ (ئىنچىكە يوپۇرماقلىق ھىلىڭ)

### 阿魏 Awei (细叶阿魏)

**باشقا ئاتىلىشى:** سېسىق ھىلىڭ، غولجان، ئەنجۇدان.

(كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسى، ھىلىڭ ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** (1) كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئېگىزلىكى 50—200 سانتىمېتىر، ئالاھىدە سېسىق پۇرىقى بار. (2) ئوق يىلتىزى توم، شەكلى تۈۋرۈكسىمان ياكى ئۇرچۇقسىمان، پوستىنىڭ رەڭگى قارامتۇل قوڭۇر كېلىدۇ. يىلتىزىنىڭ ئۈچىدا ھالقىسىمان ئىزلىرى بولىدۇ، غولىنىڭ تۈۋىدە نۇرغۇن ساندا يوپۇرماق سېپىنىڭ تالاسىمان قالدۇقلىرى بولىدۇ. (3) تۈۋىدىن ئۆسكەن يوپۇرماقلىرىنىڭ سېپى ئۇزۇن بولىدۇ. غولىدىكى يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسكەن، 3 — 4 قايتىلانغان پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق بولۇپ، كىچىك يوپۇرماقلىرى يەنە پەيسىمان چوڭقۇر يېرىلغان، يېرىقچە يوپۇرماقچىلىرى يىپسىمان كېلىدۇ. (4) گۈل رېتى مۇرەككەپ كۈنلۈكسىمان بولۇپ، ئۈچىدا ئۆسىدۇ، رەڭگى سېرىق، زىچ ۋە ئۇششاق بولىدۇ. مېۋىسى قوش ئاسماق مېۋە بولۇپ، شەكلى ياپىلاق سوقۇچاق كېلىدۇ (261 - رەسىمگە قارالسۇن).

**ئوسۇش ئورنى:** چول باياۋانلاردا، قاقاس تاغلاردا ئوسىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورىغا غولىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۇتلۇك شىرىسى ئىشلىتىلىدۇ. چېچەكلەشتىن ئاۋال غولىنى تووۋەنكى قىسمىدىن كەسكەندە، ئاق سۇت چىقىدۇ (بۇنى ئوبدان ساقلاش كېرەك) بىر نەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن ئۇزلىكىدىن قېتىپ قالىدۇ. ئاندىن قىرىۋېلىنىدۇ، غولىنى يەنە كېسىپ قاتقان سۇتىنى يەنە قىرىۋېلىپ تاكى شىرىلىك سۇتى تۈگىگىچە ئېلىنىدۇ. قاتقان سۇتىنى سايىدا قۇرۇتقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئاز مىقداردا ئورۇك مېغىزى ياكى شاپتۇل مېغىزىنى قوشۇپ، يۇمشاق يەنجىپ ئۇن قىلىنىدۇ. يىلتىزىنى كولاپ، سىقىپ شىرىسىنى چىقىرىپ، تەبىئى قۇرۇتۇپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ ياكى يىلتىزىنى كولاپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، يۇمشاق سوقۇپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ.

**تەبىتى:** تەمى ئاچچىق، تەبىتى ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز. توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، مەددە چۈشۈرىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) نېرۋ ئاجىزلىقىدا، ئۇيقۇسىزلىقتا: ھىڭدىن بىر فۇڭنى ئۇخلاشتىن ئاۋال قايناقسۇ بىلەن ئىچىلىدۇ. (2) قوساق كوپۇش، قوساقتا مونەك تۇرۇپ قېلىش، سىيىق كېكىرىش، مەددىلەرنىڭ مونەك بولۇپ تۇرۇۋېلىشى، بەزگەك، تولغاق، زەھەرلىك موگو بىلەن زەھەرلىنىش، سوزۇلما خاراكتېرلىك كاناي ياللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەردە ئىشلىتىلىدۇ. قۇرۇت يېگەن چىشلارغا قويۇلسا ئاغرىق پەسەيتىدۇ. ھىڭنى تۇخۇم سېرىغى بىلەن قوشۇپ يىسە يوتەل ۋە بىقىن ئاغرىشنى پەسەيتىدۇ. ئاۋاز پۇتۇپ قالغاندا، ھىڭنى سۇدا ئېرىتىپ ئىچىلىدۇ. پايان ۋە دو چاققان يەرگە چاپلىسا ئاغرىق پەسەيتىپ، زەھەر تارقىتىدۇ.

**مىقدارى:** 5 — 8 فۇڭ.

**مەنئى قىلىنىشى:** تال - ئاشقازان زەئىپلەشكەن كىشىلەرگە ۋە ھامىلدار ئاياللارغا ئىشلىتىش مەنئى قىلىنىدۇ.

**قوشۇمچە:** زىچ تولۇق ھىلك 宽叶阿魏 ( 262 - رەسىمگە قاراڭ ) . كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 2 مېتىر كېلىدۇ. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنىدىن ئۆتكۈر سېسىق پۇراق چىقىپ تۇرىدۇ. يوپۇرمىقى 3 قايتىلانغان پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرماقلىرى تەتۈر تۇخۇم شەكلىدە ياكى سوقۇچاق ياكى تېمىنەسىمان بولۇپ، يوپۇرماق سېپى تۈۋەنگە كېڭەيگەن، گىرۋىكى دۈگىلەك ھەرە چىشسىمان بولىدۇ. گۈلىنىڭ رەڭگى سۇس سېرىق، ئۇرۇقى پاقىراق بولىدۇ. بۇمۇ ھىلك قاتارىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

# يىپىشقاق ئوت (دۈگىبى يىپىشقاق ئوتى)

## 鹤虱 He shi

(ئەگلىك ئوت ئائىلىسى، يىپىشقاق ئوت ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** (1) بىر ياكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئېگىزلىكى 30 — 80 سانتىمېتىر، ئۈچى تەرىپى كۆپ شاخلىنىدۇ. پۈتۈن تېنى زىچ ئاقۇش كۈلرەڭ قاتتىق تۈكلەر بىلەن قاپلانغان. (2) يوپۇرمىقى نوۋەتلىشىپ ئۆسكەن. شەكلى تېمىنەسىمان ياكى يىپسىمان تېمىنە شەكلىدە بولىدۇ. ئومۇمى گۈل رىتى بولۇپ، گۈلى كىچىك، رەڭگى سۇس ھاۋارەڭ، مېۋىسى كىچىك قاتتىق، شەكلى ياپىلاق ئۈچ قىرلىق كېلىدۇ. گىرۋىكىدە ئىككى تال ئىلمەك تىكىنى بولىدۇ (263- رەسىمگە قاراڭ).

---

ئەسكەرتىش: رايونىمىزدا ھىلكنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، پۇراقلىق ھىلكتىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى سېسىق ھىلك سۈپىتىدە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

**ئۆسۈش ئورنى:** قۇملۇق، تاغ باغرى، ئېتىزلىق، يول ياقىسى قاتارلىق كۆنگەي قۇرغاق جايلاردا ئۆسىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورىغا مېۋىسى ئىشلىتىلىدۇ. كۈزدە ئورۇۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، ئۇرۇغى قېقىۋېلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى قىرىق ئاچچىق، تەبىئىتى مۆتىدىل، ئازراق زەھەرلىك؛ مەددە چۈشۈرەلەيدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) تۇ تۇ قۇرۇتىنى چۈشۈرۈشتە: يېپىشقاق ئوتتىن 5 مىسقال ئېلىپ، ئۇنىڭغا 100 مىللىلىتىر سۇ قوشۇپ، قاينىتىپ 40 مىللىلىتىر قالغىچە قويۇلدۇرۇپ، ھەر كۈنى ئاخشىمى ئارقا يولغا 10 مىللىلىتىردىن كىرگۈزۈلىدۇ. (2) جىنسى يول قىچىشىش، ئارقا يول (مەقەت) قىچىشىشلاردا: يېپىشقاق 3 مىسقال، زەمچە 2 مىسقال، سۇدا قاينىتىپ يۇيۇلىدۇ.

**مىقتارى:** 1 — 2 مىسقال.

**قوشۇمچە:** سەۋزە ئۇرۇغى 胡萝卜子، لەنخىشى (南鹤虱) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنى يېپىشقاق ئوت ئورنىدا دورىغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# كاۋا ئۇرۇغى

## 南瓜子 Nan gua zi

南瓜蒂 كاۋا ساپىغى

**يىغىپ تەييارلاش:** دورا ئۇچۇن كاۋىنىڭ ئۇرۇغى ۋە كاۋا ساپىغى ئىشلىتىلىدۇ. كاۋا پىشقاندىن كېيىن ئۈزۈپ ئېلىش ۋاقتىدا ساپىغىنى ئېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ. كاۋىنى يېگەن ۋاقتىدا ئۇرۇغىنى ئېلىپ، يۇيۇپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، شاكىلىنى ئېلىۋېتىپ، ئىشلەتمىش ۋاقتىدا سوقۇپ ئىشلىتىلىدۇ. كاۋىنىڭ گوشى، پىلىكىمۇ دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىتى:** تەمى تاتلىق، تەبىتى ئىسسىقا مايىل، زەھەرسىز. كاۋىنىڭ ئۇرۇغى، ساپىغى ۋە گوشىنىڭ مەددە چۇشۇرۇش، سۈت كەلتۈرۈش خۇسۇسىيىتى بار. ساپىغى ھامىلىنى ئاسرايدۇ، گوشى سىرتقا ئىشلىتىلسە زەھەرنى تارقىتىدۇ، يالлۇغنى قايتۇرىدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) پەچان قۇرۇتىنى چۇشۇرۇشتە: كاۋا ئۇرۇغىدىن 2 – 4 سەرنى سۇدا قاينىتىپ، شامىسى بىلەن قوشۇپ ئاچ قوساققا بىر قېتىم ئىچىلىدۇ. 1 – 2 سائەتتىن كېيىن تازىلانغان شوردىن 6 مىسقال قايناقسۇ بىلەن ئىچىلىدۇ. (2) بوۋاقلار هول تەمرەتكىسىدە: كاۋا پىلىكى 4 سەر (قورۇپ سارغايتىپ)، سۇسىز زەمچە 1 سەرنى ئېزىپ، تالقان قىلىپ، كۆنجۈت يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئاغرىق ئورۇنغا سۈركىلىدۇ. (3) سۈت كەلمىگەندە: كاۋا ئۇرۇغىدىن 4 مىسقالنى سوقۇپ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقتاردا ئاق شېكەر قوشۇپ، ئاچ قورساققا ئىچىلىدۇ. ئەتىگەن ۋە كەچتە بىر

قېتىمدىن ئۈدا 3 - 5 كۈن ئىچىلىدۇ. ( 4 ) ئادەتلەنگەن بويىدىن ئاجرىشىدا: كاۋا ساپىغىدىن 3 - 5 تالنى قاينىتىپ، كۈندە بىر قېتىمدىن ئۈدا 5 - 7 كۈن ئىچىلىدۇ. ( 5 ) كويۈپ يارىلىنىش، ئوق تېگىپ يارىلىنىشتا: خام كاۋا گوشىنى ئېزىپ، ئاغرىق ئورۇنغا سۈرتىلىدۇ. ( 6 ) ئوق بىلەن يارىلىنىپ ،ئوق چىقمىغاندا: كاۋا ساپىغىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، كويدۈرۈپ كومۈر هالغا كەلتۈرۈپ، يۇمشاق سوقۇپ يارا ئاغزىغا سېپىلىدۇ. ( 7 ) سۈت بېزى ياللۇغىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە: هۆل كاۋا يوپۇرمىغى 2 سەر، زىرىقتىن 2 سەرنى ئېزىپ ئاغرىق ئورۇنغا چېپىلىدۇ.

**مىقدارى:** 1 - 2 سەر.

# ئاقىر قەرها

## 除虫菊 Chu chong jü

(مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسى، ئاقىر قەرها ئۇرغىدىشى)

**تونۇش:** ( 1 ) كوپ يىللىق سامان غوللۇق ئوسۇملۇك، ئېگىزلىگى 60—80 سانتىمېتىر. ( 2 ) يىلتىزى چاچما يىلتىز بولۇپ، قارامتۇل خومىرەڭدە بولىدۇ. غولى يالغۇز، تىك ئوسىدۇ. ( 3 ) يوپۇرمىغى نوۋەتلىشىپ ئۇسكەن، 2—3 قايتىلانغان پەيسىمان يېرىلغان، كىچىك يېرىقچە يوپۇرماقلىرى يىپ شەكلىدە بولىدۇ، تۇۋۇندىكى يوپۇرماقلىرىنىڭ سېپى بار، غولىدىكى يوپۇرماقلىرىنىڭ سېپى يوق. باشسىمان گۈل رېتى چوڭراق بولۇپ، غولىنىڭ ئۇچىدىن يالغۇز ئوسۇپ چىقىدۇ ۋە بىر قانچە گۈللىرى كۈنلۈكسىمان تىزىلىپ تۇرىدۇ. ئەتراپىتىكى گۈللىرى تىل شەكلىدە، رەڭگى ئاق، ئوتتۇرىدىكى گۈللىرى نەي شەكلىدە. رەڭگى ساغۇچ بولۇر كېلىدۇ ( 264 - رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۆسۈش ئورنى:** كۆپرەك تاغلىق جايلاردىكى ئورمان ئەتراپىدا، ئېگىز تاغلارنىڭ نەملىك جايلىرىدا ئۆسىدۇ. شىمالىي شىنجاڭدىن كۆپ تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** 6 - ئايدا گۈلى ئېچىلىش بىلەن باشسىمان گۈللىرىنى ئۈزۈۋېلىپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ. مىللىي تىبابەتتە ئاقىر قەرھانىڭ يىلتىزى ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى سەل قىرىغىراق ئاتلىق، تەبىئىتى سوغاق، ئازىراق زەھەرلىك!

**ئىشلىتىلىشى:** (1) پىت - بۈرگە ۋە چۈشىلارنى ئۆلتۈرۈشتە ئاقىر قەرھا تالقىنى كارۋات ئەتراپىغا ۋە كىيىملەرگە چېچىپ قويۇلىدۇ. (2) پاشا، چىۋىنلارنى يوقىتىشتا 100 گرام ئاقىر قەرھانى يۇمشاق سوقۇپ، 2 جىڭ كىرىسىنغا 2 كۈن چىلاپ قويۇپ سۈزۈپ ئالغاندىن كېيىن پۈركىلىدۇ.

**مىقدارى:** سىرتقا مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

# 14. قورۇغۇچى ۋە تىزگىنلىگۈچى دورىلار

(固涩药)

بۇ دورىلار قورۇش ۋە تىزگىنلەش تەسىرى بار دورىلار بولۇپ، ئۆزلىگىدىن تەرلەش، ئوغرى تەر، ئۆزۈنغا سوزۇلغان تولغاق، ئۆزۈنغا سوزۇلغان ئىچ سۈرۈش، سوك چىقىپ قېلىش، سۈيدۈك قېتىم سانى كۆپىيىش، ئېھتىلام، سىيگەك، قاناش، ئاق خۇن كېلىش، بالىياتقۇنىڭ پائالىيەتچان قانىشى قاتارلىق كېسەللىكلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

## ياچۇەك تۇخۇمى

**桑螵蛸** cang piao xiao

**باشقا ئاتىلىشى:** بوشۇك تەۋەتتى، خىمىل دەستەك، ياتا تۈك.

**تونۇش:** بۇ ياچۇەك تۇخۇمىنىڭ ئورىغۇچى قېپى بولۇپ، شەكلى ئۇزۇنچاق تۇخۇمسىمان، رەڭگى ساغۇچ قوڭۇر، قاتمۇ - قات قەغەزسىمان ماددىدىن تۈزۈلگەن. چىڭ ھەم يېنىك بولۇپ، شاخقا يېپىشىپ تۇرغان تەرىپىدە ئۇزۇن چوڭقۇر ئوقۇرى بولىدۇ. دۈمبە تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بورتۇپ چىققان قىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇرغۇن تۇخۇمى بولىدۇ (265 - رەسىمگە قاراڭ).

**چىقىش ئورنى:** كۆپىنچە ئۆزمە دەرىخى، ياكى باشقا دە-

www.uyghurkitap.com

رەخلەرنىڭ شېخىغا يېپىشىپ تۇرۇدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە بو-
لۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆپرەك تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورىغا تۇخۇمنىڭ ئۇرىغۇچى قېپى ئىش-
لىتىلىدۇ. كەچ كۈزدە، باش باھار مەزگىلىدە يىغىۋېلىپ، قاسقانىغا
سېلىپ، ئىچىدىكى تۇخۇمى ئۆلگىچە ھورلاپ، ئاندىن ئېلىپ ئاپتاپتا
قۇرۇتۇلىدۇ (ئەگەر توخۇمىدىن بالا قۇرۇت چىقىشقا باشلىغان بولسا
دورا بولمايدۇ).

**تەبىئىتى:** تەمى تاتلىق تۇزلۇق، تەبىئىتى موتىدىل، زەھەر-
سىز. بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مەنىنى تىزگىنلەيدۇ، سۈيدۈكنىڭ قېتىم سا-
نىنى ئازايتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) سىيگەكتە: ياچۇۋەك توخۇمى 3 مىسقال،
قان تېپەر 3 مىسقال، سېرىق يوگەي ئۇرۇغى 5 مىسقال، مالىنا 5
مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (2) ئېھتىلامدا: ياچۇۋەك تۇخۇمىدىن
2 مىسقال ئېلىپ، يۇمشاق يەنچىپ تۇز سۈيى بىلەن ئىچىلىدۇ. (3)
بەدەن ئاجىزلىقتىن بولغان ئاق خۇندا، بەل تېلىپ ماغدۇرسىزلى-
نىشتا: ياچۇۋەك تۇخۇمى 3 مىسقال، سېرىق يوگەي ئۇرۇغى 3 مىس-
قال، ئالىقات 3 مىسقال، قانتېپەر 4 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ.

**مىقدارى:** 1—4 مىسقال.

# ئانار پوستى

## 石榴皮 Shi liu pi

**يىغىپ تەييارلاش:** دورىغا ئانارنىڭ پوستى ئىشلىتىلىدۇ.
ئانار پوستىنى يىغىپ، پاكىز يۇيۇپ، نوغراپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ خام ياكى
قورۇپ ئىشلىتىلىدۇ. ئانار گۈلى، ئانار ئۇرۇغىمۇ دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى چۈچۈمەل، ئېغىزنى قورۇيدۇ. تەبىئىتى ئىس-

سىققا مايىل، زەھەرسىز. مەنىنى چىڭىتىدۇ، ھاشارەت ئۆلتۈرۈدۇ. پەيـ-نى چىڭىتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) قان تۈكۈرۈش، قان قۇسۇش، چوڭ تەرەتتىن قان كېلىش، بالىياتقۇ قاناشلاردا: ئانار پوستى 3 مىسقال، سۇدا قاينىتىلىپ، ھەسەل بىلەن ئىچىلىدۇ. (2) تۇ تۇ قورۇتنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن: ئانار پوستى 1 مىسقال، سەرخىس 3 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ ياكى ئانار پوستىدىن 3 مىسقالنى قاينىتىپ، 100 مىللىلىتىر قالغاندا ئېلىپ ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئۇچەيگە ھەمەل قىلىنىدۇ. (3) سازاڭسىمان مەددىنى چۈشۈرۈشتە: ئانار پوستىدىن 1 سەر، تازىلانغان شوردىن 2 مىسقال ئېلىپ قاينىتىپ، شېكەر قوشۇپ، 2 قېتىمغا بولۇپ ئىچىلىدۇ. (4) ئاق خۇن قىسىزدىپ كەلگەندە: ئانار گۈلى 3 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (5) سوڭ چىقىپ قېلىشتا: ئانار پوستى 1 سەر، زەمچە 5 مىسقال ئېلىپ، قاينىتىپ ھورغا تۇتۇپ، سۈيى بىلەن يۇيۇلىدۇ. (6) بادام بېزىنىڭ ياللۇغى، تاماق ـ گال ياللۇغى ۋە ئېغىز بوشلۇقىنىڭ ياللۇغلىنىشىدا: ئانار پوستىدىن 5 مىسقال ئېلىپ، قاينىتىپ ئېغىز چايقىلىدۇ.

**مىقدارى:** 1 ـ 3 مىسقال.

## ئەينۇلا

## 乌梅 Wumei

**(乌梅炭)** ئەينۇلا كومۇرى، **(乌梅肉)** ئەينۇلا قېقى

**يىغىپ تەييارلاش:** دورا ئۈچۈن ئەينۇلا مېۋىسى ئىشلىتىلىدۇ. ئەينۇلا: تولۇق پىشىپ كەتمىگەن ۋاقتىدا ئۈزۈۋېلىپ، قاقلاپ قۇرۇتۇلىدۇ. ئەينۇلا كومۇرى: قۇرۇتۇلغان ئەينۇلىنى كۆچلۈك

ئۇتتا شوپىگى كوپىكىچە قورۇپ، ئازراق سۇ چېچىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتىلىدۇ. ئەينۇلا قېقى: قۇرۇتۇلغان ئەينۇلىنى ئېلىپ، تولۇق نەملەپ، ئۇرۇغىنى ئېلىۋېتىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى چۈچۈمەل، تىلنى قورۇيدۇ، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز. ئۈچەينى قورۇپ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئۆپكىنى قورۇپ، يۆتەل توختىتىدۇ، خىلت پەيدا قىلىپ، ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ، مەددە چۈشۈرىدۇ ۋە ئولتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** ( 1 ) قان تولغاقتىن قوساق ئاغرىشتا: ئەينۇلا قېقى (قورۇلغان) 4 سەر، مامۇرانچىن 4 سەر ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، ھەر قېتىمدا 2 مىسقالدىن كۈنىگە 3 قېتىم كاپ قىلىنىدۇ. ( 2 ) ئۈت يولىدىكى سازاڭسىمان مەددە كېسىلىدە: ئەينۇلا 10 دانە، رەۋەن 2 مىسقال، ئاق چۈغلۇق 7 مىسقال، كاۋاۋىچىن 1.5 مىسقال، قىل يوپۇرماقلىق ئەمەن 5 مىسقال، سەرخىس 3 مىسقال، قارا ئەندىز 3 مىسقال، سۇدا قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. ( 3 ) چوڭ تەرەتتىن قان كېلىش، ھېيز كوپ كېلىشتە: ئەينۇلا قېقىدىن 7 دانە ئېلىپ سۆپىتى ئۆزگىرىپ كەتمىگىچە كويدۇرۇپ، يۇمشاق سوقۇپ 3 كە بولۇپ، گۈرۈچ سۈيى بىلەن ئىچىلىدۇ. ( 4 ) قان سىيىشتە: ئەينۇلا 5 دانە، ئارپا سامىنى (ياكى كويدۇرۇلگەندىن كېيىنكى كۈلى ) 1 سەر، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. ( 5 ) ئاشقازان ئاغرىشتا: ئەينۇلا بىر دانە، چىلان 2 دانە، ئورۇك مېغىز 7 دانە ئېلىپ، سوقۇپ ئېزىپ، ئاق ھاراق بىلەن ئىچىلىدۇ. ( 6 ) قىزىلئوڭگەچ، سۈت بېزى ۋە جىگەر راكلىرىدا: ئەينۇلىدىن 27 دانە، لىۋباياۋ (681) سۈيىدىن 1000 مىللىلىتىر ئېلىپ، ئىككىسىنى قوشۇپ يېرىم سائەت قاينىتىپ، ئاندىن سۈزۈۋېلىپ، ھەر قېتىمدا 1.5—2 مىللىلىتىردىن كۈندە 6 قېتىم ھەر قېتىم تاماقتىن ئاۋال ۋە كېيىن بىر نوۋەت ئىچىلىدۇ. مۇشۇ سۇ بىلەن يۇيۇلسا زەكەر (خەتنىگار) بېشىدىكى راكنى

داۋالايدۇ. (7) قاداقتا: ئەينۇلەدىن 100 گىرامنى سۇس تۇز سۇ- يىگە چىلاپ يۇمشىتىپ، پوستىنى ۋە ئۇرۇغىنى ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭغا شۇيياڭسۇەن (ئاتسىدۇم سالىتسىلىكوم) دىن 10 گرام، پروكايىندىن بىر گرام قوشۇپ، ھەممىنى ئارىلاشتۇرۇپ، خېمىر ھالغا كەلتۇرۇپ، ئاغرىق ئورۇننى پاكىز يۇيۇپ، جىياۋبۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن توشۇك ئې- چىپ، قاداقنى شۇ توشۇكتىن چىقىرىپ، دورا چېپىلغاندىن كېيىن ئۈستىدىن جىياۋبۇ بىلەن چاپلاپ قويۇلىدۇ. (8) جاراھەتلەرنىڭ ئېغىزى ئۇزۇنغىچە پۈتۈلمىسە: ئەينۇلا كومۇرىنى يۇمشاق سوقۇپ، يا- رىغا سېپىلىدۇ.

**مىقتارى:** 1—3 مىسقال.

## لوڭگۇ (ھايۋانات سۇڭگىكى)

## 龙骨 Long gu

**يىغىپ تەييارلاش:** بۇ قېدىمقى ھايۋاناتلارنىڭ تاشقا ئايلانغان سۇڭگىكى، بولۇپ يىلنىڭ ھەممە پەسلىدە قېزىۋېلىشقا بو- لىدۇ. بۇ توپىدىن چىققاندىن كېيىن شامالداش بىلەن ئاسان ئۇگۇ- لۇپ كېتىدۇ. شۇڭا، قېلىن قەغەز بىلەن پۇختا ئوراپ قويۇش كې- رەك، بۇنىڭ كۆللۇك سىزىقلىرى بار قىسمىنى تاللىۋېلىپ، باشقا نەرسىلەرنى چىقىرىۋېتىپ، يەنچىپ ئۇگۇتۇلسا، بۇ خام ھايۋانات سۇ- ڭگىكى بولىدۇ. خام ھايۋانات سۇڭگىنى چوغدا قىزارتىپ، سوۋۇغاندىن كېيىن يانچىپ ئۇگۇتۇلسا، پىشقان ھايۋانات سۇڭگىكى بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى تاتلىق، تىلنى قورۇيدۇ. تەبىئىتى موتىدىل، زەھەرسىز. نېرۋىنى تېچلاندۇرىدۇ، تەرنى بوقتىپ، مەنىنى چىڭىتىدۇ.

سىرتىقا ئىشلىتىلسە گوشنى ئۇستۇرۇپ، يارنى قورۇيدۇ. قورۇغۇچى، تۇتۇپ تۇرغۇچى سۇپىتىدە پىششىق ھايۋانات سۆڭىكى ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) نېرۋ ئاجىزلىقى (يۈرەك ئېغىش، ئۇيۇتقاقلىق) دا: لوڭگۇ ۋە ئىشلەنگەن كەرمانىنىڭ ھەر بىرىدىن 2 سەر ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ ھەر قېتىمدا بىر مىسقالدىن كۈنىگە 2 قېتىم ئىچىلىدۇ. (2) سوزۇلما خاراكتېرلىك ئۆچەي ياللۇغىدىن بولغان ئىچ سۈرۈشتە: لوڭگۇ ۋە قىزىل گەجىنىڭ ھەر بىرىدىن 2 سەر ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ ھەر قېتىمدا 2 مىسقالدىن كۈنىگە 2 قېتىم كاپ قىلىنىدۇ. (3) سىيگەك، سۈيدۈك تۇتالماسلىقتا: لوڭگۇ 3 مىسقال، ياچمۇەك تۇخۇمى 2 مىسقال، قايناتىپ ئىچىلىدۇ. (4) تېنى ئاجىزلىشىشتىن بولغان ئېھتىلامدا: سېرىق يوگەي 4 مىسقال، كۇدە ئۇرۇقى 3 مىسقال، لوڭگۇ 5 مىسقال، ياچمۇەك تۇخۇمى 3 مىسقال، بۇغا مۈڭگۈز قالدۇقى 3 مىسقال، قايناتىپ ئىچىلىدۇ. (5) ئاق خۇن كوپ كەلگەندە لوڭگۇ 1 سەر، قانتېپەر 5 مىسقال، بەيجۇ 5 مىسقال، سېرىق يوگەي 4 مىسقال، تاجىگۇل 3 مىسقال، سۇدا قايناتىپ ئىچىلىدۇ.

**مىقتارى:** 0.5 - 1 سەر.

www.uyghurkitap.com

# چۈلۈك يىلتىز پوستى (چۈلۈك)

## 椿白皮 chun bai pi

### (凤眼草) چۈلۈك مېۋىسى

(چۈلۈك ئائىلىسى، چۈلۈك ئۇرۇغدىشى)

**ئۆسۈش ئورنى:** تۇرپاندا ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە تىكىپ ئۆستۈرۈلىدۇ. (266 - رەسىمگە قارالسۇن)

**يىغىپ تەييارلاش:** دورا ئۈچۈن يىلتىزىنىڭ پوستى (چۈلۈك يىلتىز پوستى) ۋە مېۋىسى (چۈلۈك مېۋىسى) ئىشلىتىلىدۇ. چۈلۈك يىلتىز پوستىنى ئەتىياز ۋە كۈز پەسلىدە ياكى پۈتۈن ۋاقىتتا كولىۋېلىپ، قېلىن پوستىنى سويۇۋېتىپ، قەلەمچە قىلىپ توغراپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، خام ياكى سارغايتىپ قورۇپ ئىشلىتىلىدۇ. مېۋىسىنى كۈزدە پىشقاندا ئۈزۈۋېلىپ، سېپىنى ئېلىۋېتىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى قېرىق، تىلنى قورۇيدۇ، تەبىئىتى سوغاق، زەھەرسىز. ئىسسىقلىقنى ھايداپ، ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ. تولغاق، قان ۋە خۇننى توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) ئاق خۇن قىزىرىپ كەلگەندە: چۈلۈك يىلتىز پوستى ۋە كوك سېغىزنىڭ ھەر بىرىدىن ئوخشاش مىقتاردا ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، ھەر قېتىمدا 2 مىسقالدىن قايناقسۇ بىلەن ئىچىلىدۇ ياكى چۈلۈك يىلتىز پوستى 5 مىسقال، قىزىل چۈغلۇق 3 مىسقال، زىرىق 2 مىسقال، قايناتىپ ئىچىلىدۇ. (2) بۇۋاسىردىن قاناشتا ئۇزۇن مۇددەت تولغاق بولۇپ قان كېلىشتە: چۈلۈك مېۋىسىنى چالا

www.uyghurkitap.com

پىشۇرۇپ، تالقانلاپ، ھەر قېتىمدا 2 مىسقالدىن گۈرۈچ سۇيى بىلەن ئىچىلىدۇ ياكى چۇلۇك يىلتىز پوستى 1 سەر، توشقان ئوتىنىڭ كومۇرى 5 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (3) ئىشاق خۇندا: چۇلۇك يىلتىز پوستى 2 سەر، چىكىت 5 مىسقال (سوقۇپ) قاينىتىپ ئىچىلىدۇ.

**مىقتارى:** چۇلۇك يىلتىز پوستى 1.5 — 5 مىسقال، چۇلۇك مېۋىسى 1 — 3 مىسقال.

# نىلۇپەر

## 莲 Lian

نىلۇپەر ئۇرۇغى (莲子) نىلۇپەر ئاتلىقى (莲须) نىلۇپەر يوپۇرمىقى (荷叶) نىلۇپەر يوپۇرماق سېپى (荷梗) نىلۇپەر يىلتىز سىمان غولىنىڭ بوغۇمى (藕节) نىلۇپەر تورەلمە بىخى (莲子心) نىلۇپەر گۈل تېگى (莲房) نىلۇپەر گۈلى (荷花)

(نىلۇپەر ئائىلىسى، نىلۇپەر ئۇرۇغدىشى)

**ئۆسۈش ئورنى:** تېيىز كولچەكلەردە ۋە كوللەردە ئۆسىدۇ. قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق رايونلاردا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ (267 - رەسىمگە قاراڭ).

**يىغىپ تەييارلاش:** دورا ئۈچۈن نىلۇپەر ئۇرۇغى، تورەلمە بىخى، يىلتىز سىمان غولىنىڭ بوغۇمى، يوپۇرمىقى، يوپۇرماق سېپى، گۈلى، نىلۇپەر ئاتىلىقى، گۈل تېگى ئىشلىتىلىدۇ. ياز ۋە كۈزدە گۈلى، ئاتىلىقى، يوپۇرمىقى، يوپۇرماق ساپلىرىنى يىغىپ، ھۆل بويىچە ياكى ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ. كۈز پەسلىدە گۈل تېگى، ئۇرۇغى، تورەلمە بىخلىرىنى يىغىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، قوشۇمچە يوپۇرمىقىنى قورۇپ، كومۇرقىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. يىلتىز سىمان غولىنى كەچ

كۆزدە ۋە باش باھاردا كولاپ، ئۇنىڭ بوغۇمىنى ئايرىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ ياكى قورۇپ كومۇر قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ( 1 ) ئۈرۈغى: تەمى تاتلىق قېرىق، تەبىئىتى موتىدىل، بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، تالنى ياخشىلاپ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، مەنىنى تىزگىنلەيدۇ. ( 2 ) تورەلمە بىخى: تەمى قېرىق، تەبىئىتى سوغاق. يۈرەكتىكى ئىسسىقنى ئالىدۇ، قان بېسىمىنى چۈشۈرىدۇ. ( 3 ) گۈل تېگى: تەمى قېرىق تىلنى قورۇيدۇ، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، قان توختىتىدۇ. ( 4 ) گۈلى: تاتلىقراق قېرىق، هوللۇقنى هەيدەيدۇ ۋە قان توختىتىدۇ. ( 5 ) نىلۇپەر ئاتىلىغى: تەمى تاتلىق، تىلنى قورۇيدۇ، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، مەنىنى تىزگىنلەيدۇ، قورۇيدۇ. ( 6 ) يوپۇرماق سېپى ۋە يوپۇرمىغى: تەمى ئاچچىق، تەبىئىتى موتىدىل، ئىسسىقنى قايتۇرىدۇ، ئىسسىق ئۆتۈشنى يېشىدۇ، قان توختىتىدۇ. ( 7 ) نىلۇپەر يىلتىزىسىمان غولىنىڭ بوغۇمى: تەمى تاتلىق، تىلنى قورۇيدۇ، تەبىئىتى موتىدىل، قورۇيدۇ، قان توختىتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ (ھەممىسى زەھەرسىز).

**ئىشلىتىلىشى:** ( 1 ) بەدەن ئاجىزلاپ ئۇزۇنغىچە ئىچ سۈرۈشتە، ئۇزۇنغا سوزۇلغان تولغاقتا، ئىھتىلامدا ۋە ئۆيقىسىزلىقتا: نىلۇپەر ئۈرۈغى 3 مىسقال، تەسۋى قوناق ئۈرۈغى 4 مىسقال، ئاق بىيەندۇ 3 مىسقال، چىلان 10 دانە قاينىتىپ يېيىلىدۇ. ( 2 ) يۇقۇرى قان بېسىمدىن باش ئايلىنىش ۋە نېرۋ ئاجىزلىقتىن بولغان ئۆيقىسىزلىقتا: نىلۇپەر تورەلمە بىخى 3 مىسقال، كەرمان 2 مىسقال، ئاق چۈغلۇق 3 مىسقال، ئارچا ئۈرۈغى 3 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. ( 3 ) باليياتقۇنىڭ پائالىيەتچان قانىشىدا، خۇن تەۋرەش، قان سىيىش ۋە تەرەتتىن قان كېلىشتە، چىگىچە باشىنى (قارايتىپ قورۇلغان) ۋە نىلۇپەر گۈل تېگى كومۇرىنىڭ ھەر بىرىدىن 2 سەر ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، ھەر قېتىمدا 2 مىسقالدىن كۈنىگە 2 قېتىم

ئىچىلىدۇ. (4) بالىياتقۇنىڭ پائالىيەتچان قانىشىدا: نىلۇپەر گۈل تېگى كومۇرى 3 مسقال، رويان كومۇرى 2 مسقال، ھىكەن سېرىغىنىڭ كومۇرى 3 مسقال، كىچىك خوخا كومۇرى 3 مسقال، قايىنىتىپ ئىچىلىدۇ. (5) نېرۋ ئاجىزلىغىدىن بولغان ئۇيقىسىزلىقتا، ئېھتىلامدا ۋە سىيگەك كېسىلىدە: نىلۇپەر ئاتىلىغى، نىلۇپەر ئۇرۇغى ۋە ياپىلاق غوللۇق كەتىرا ئۇرۇغىنىڭ ھەر بىرىدىن 3 مسقال، قايىنىتىپ ئىچىلىدۇ. (6) ياز ۋە كۈز پەسلىدىكى ئىسسىق ئۇتۇشتە (ئېغىز قۇرۇش، كوكرەك سىقىلىش، باش ئاغرىش، ئايلىنىشتا): ھول نىلۇپەر يوپۇرمىغى 1 سەر، ھول قوۇمۇچ يىلتىزى 1 سەر، بىيەندۇ چېچىگى 2 مسقال، قايىنىتىپ ئىچىلىدۇ. ياكى نىلۇپەر يوپۇرمىغى 3 مسقال، كوك ئەمەن 3 مسقال، چۇچۇكبۇيا 1 مسقال، كوك سېغىز 5 مسقال، قايىنىتىپ ئىچىلىدۇ. (7) قان قۇسۇش، قان تۈكۈرۈش، بۇرۇن قاناشتا ۋە تەرەتتىن قان كېلىشتە: ھول نىلۇپەر يىلتىزسىمان غول بوغۇمىدىن 1 سەر ئېلىپ، سوقۇپ شىرىسىنى چىقىرىپ ئىچىلىدۇ. (8) سوزۇلما خاراكتېرلىك تولغاقتا: نىلۇپەر ئۇرۇغى 3 مسقال، قان تېپەر 3 مسقال، تاش ئىگىرى 1.5 مسقال، مامۇرانچىن 2 مسقال، قايىنىتىپ ئىچىلىدۇ. (7) قان قۇسقاندا: نىلۇپەر گۈلى 1 مسقال، قايىنىتىپ ئىچىلىدۇ. (10) ھول يارىلاردا: ھول نىلۇپەر گۈلى ئاغرىق ئورۇنغا چېپىلىدۇ.

**مىقتارى:** نىلۇپەر يىلتىزسىمان غول بوغۇمى 3 — 5 مسقال، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى 1.5 — 3 مسقال.

www.uyghurkitap.com

# ئوچاق چالمىسى

## 伏龙肝　fu long gan

**يىغىپ تەييارلاش:** دورا ئۈچۈن قالانغان ئوتۇن ۋە ئوت - چۆپلەردە ئىسلىنىپ كويگەن ساغۇچ قىزىل ئوچاق چالمىسى ئىشلىتىلىدۇ، بۇنى خالىغان ۋاقىتتا ئېلىپ، قارايغان قىسمىنى ئېلىۋېتىپ يۇمشاق سوقۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى ئاچچىق، تەبىئىتى ئازراق ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز، تال - ئاشقازاننى ئىسسىققا مايىللاشتۇرۇپ، ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ، قۇسۇشنى، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، قان توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) ھامىلدارلىقتىكى قۇسۇشتا: ئوچاق چالمىسى 2 — 4 سەر، خام زەنجىۋىل 3 ياپراق ئېلىپ، قاينىتىپ سوزۇلگەندىن كېيىن ئازراق قارا شېكەر قوشۇپ دەملەپ ئىچىلىدۇ.

(2) سوزۇلما ئۈچەي ياللۇغىدىن ئىچ سۈرۈشتە، قان قۇسۇش، بۇرۇن قاناش، بالىياتقۇ قاناشتا ۋە ئاق خۇن قىزىرىپ كېلىشتە: ئوچاق چالمىسى 2 سەر (ئايرىم لاتىغا ئوراپ قاينىتىلىدۇ)، ئېشەك يېلىمىدىن 5 مىسقال ئېلىپ، قاينىتىلغان ئوچاق چالمىسى قالدۇقلىرىنى ئېلىۋېتىپ، قايناتمىسىغا ئېشەك يېلىمىنى سېلىپ ئېرىتىپ ئىسسىق بويىچە ئىچىلىدۇ.

**مىقدارى:** 0.5 — 1 سەر سۇ بىلەن قاينىتىپ ئىچىلىدۇ.

دىققەت: كۆمۈر قالىغان ئوچاقنىڭ سېرىق توپىسى زەھەرلىك؛ دورىغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كىرپە تېرىسى

## 刺猬皮 Ci wei pi

**تونۇش:** پۈتۈن بەدىنى قاتتىق تىكەنلىك بولۇپ، قوساق، يۈز، پۇتلىرىدا يۇمشاق تۈكلىرى بولىدۇ.

**ياشاش ئورنى:** ئېتىز، داللاردىكى ئوتلاقلىقلاردا ماكانلىشىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** كىرپىنى تۇتۇپ، تېرىسىنى سويۇپ، سالقىندا قۇرۇتۇپ، چاناپ پارچىلاپ، كوك سېغىز تالقىنى بىلەن قورۇپ، سارغايغاندىن كېيىن، تاسقاپ كوك سېغىز تالقىنىنى چىقىرىۋېتىپ، سالقىنغا قويۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى تاتلىمغراق قېرىق، تەبىئىتى موتىدىل، زەھەرسىز. قاننى سۈۋۈتىدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ، قورۇيدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) چوڭ تەرەتتىن قان كېلىشتە، باللىياتقۇ قاناشتا: كىرپە تېرىسى (پىششىقلانغان) 1 سەر، چاچ كومۈرى 5 مىسقال ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ ھەر قېتىمدا 2 مىسقالدىن كۈنىگە 2 قېتىم قارا شېكەر قوشۇپ ئىچىلىدۇ. (2) ئاشقازان ئاغرىشتا: كىرپە تېرىسىنى كويدۇرۇپ، سوقۇپ كۈنىگە 3 قېتىم ھەر قېتىمدا 1 مىسقالدىن قايناقسۇ بىلەن ئىچىلىدۇ. (3) بۆۋاسىر ئاقمىسىدا: قورۇلغان كىرپە تېرىسى ۋە توخۇمەك غۇنچىسىنىڭ ھەر بىرىدىن 1 سەر ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ 2 مىسقالدىن كۈنىگە 2 قېتىم قايناقسۇ بىلەن ئىچىلىدۇ. (4) ئېھتىلامدا: قورۇلغان كىرپە تېرىسىدىن 2 سەر ئېلىپ سوقۇپ، 2 مىسقالدىن كۈنىگە 2 قېتىم قايناقسۇ بىلەن ئىچىلىدۇ.

**مىقدارى:** 2—3 مىسقال.

# مالىنا

## 复盆子 fu pen zi （悬钩子）

(ئەتىر گۈل ئائىلىسى، مالىنا ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** (1) يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال، ئېگىزلىكى 0.6—1 مېتىر كېلىدۇ. شاخلىرى كوپ، پۈتۈن تېنىدە زىچ ئۇششاق تىكەنلىرى بولىدۇ. (2) يوپۇرمىغى نوۋەتلىشىپ ئۆسكەن، سېپى ئۇزۇن، ئۈچ قۇلاقلىق مۇرەككەپ يوپۇرماق، ئۇچىدىكى كىچىك يوپۇرمىغى چوڭراق، گىرۋىكى رەتسىز قوش ھەرە چىشسىمان، يوپۇرماق يۈزى يېشىل، دۈمبىسى ئاقۇش كۈلرەڭ بولىدۇ. (3) گۈلى ئاق، بىر تال باكى بىر نەچچە تال بولۇپ، ئۇچىدا ياكى قولتۇغىدىن ئۆسىدۇ. مېۋىسى توپ شىرىلىك مېۋە بولۇپ، رەڭگى قىزىل، شەكلى دۈگىلەكرەك، ئۇرۇغى كوپ بولىدۇ (268 - رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۆسۈش ئورنى:** تاغلىق ئوتلاقلىقلاردا، چاتقاللىقلاردا ئۆسىدۇ. ئالتاي، تيانشان تاغ رايونلىرىدىن چىقىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورا ئۈچۈن مېۋىسى ئىشلىتىلىدۇ. 6—8 - ئايلاردا مېۋىسى پىشقاندا ئۈزۈۋېلىپ، قايناۋاتقان سۇغا سېلىپ، ئازراق تۇرغۇزۇپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ. يىلتىزىمۇ دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىتى:** چۈچۈمەل تاتلىق، ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز. بۆرەكنى تۈزۈتىلەپ، مەنىنى تىزگىنلەيدۇ. [illegible]كە ياردەم بېرىپ، كوزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، سۈيدۈكنىڭ قېتىم سانىنى ئازايتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** قىرلاردىكى زەئىپلىك ۋە پات - پات سىيىشتە

مالىنا 5 مىسقال، كەتىرا 5 مىسقال، قان تىپەر 3 مىسقال، ياچىۋەك تۇخۇمى 3 مىسقال، بۇغا مۈڭگۈز قالدۇغى 3 مىسقال، لوڭگۇ 5 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (2) باللاردىكى سىيگەك كېسىلىدە: مالىنا، ياچىۋەك تۇخۇمى، يېجىرىن مېغىزىنىڭ ھەربىرىدىن 3 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (3) ئەرلىك جىنسى ئاجىزلىقتا، ئىھتىلامدا: مالىنا كوپىنچە ياچىۋەك تۇخۇمى، نىلۇپەر ئاتىلىغى بىلەن قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ. (4) جىگەر ياللۇغىدا: مالىنا يىلتىزىدىن 1 سەر، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ.

**مىقدارى:** ئۇرۇغى 3—1.5 مىسقال، يىلتىزى 1—0.5 سەر.

# ئازغان

## 野蔷薇 Ye qiang wei

(ئەتىرگۈل ئائىلىسى، ئازغان ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** (1) چاتقال، ئېگىزلىكى 3 مېتىرچە بولىدۇ. (2) غولى كوپ شاخلايدۇ، كىچىك تىكەنى بولىدۇ. (3) يوپۇرمىغى نوۋەتلىشىپ ئۇسكەن، تاق سانلىق پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، شەكلى سوقۇچاق ياكى تەتۇر تۇخۇمسىمان، گىرۋەكلىرى ھەرە چىشلىرىغا ئوخشاش بولىدۇ. (4) گۈلى يەككە ھالدا يان شاخلىرىنىڭ ئۇچىدا ئۇسىدۇ، گۈلىنىڭ سېپىدا زىچ تىكەنسىمان تۈكلىرى بار، گۈل كاسسا ياپراقچىلىرى 5 تال، گۈل تاجى ياپراقچىلىرى 5 تال بولۇپ، رەڭگى سۇس قىزىل ياكى سېرىق كېلىدۇ. مېۋىسى سىزغۇچاق، پاقىراق، گوشلۇك، رەڭگى قىزىل بولىدۇ (269 - رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۆسۈش ئورنى:** تاغلىق دەريا ۋادىلىرىدا، ئورمانلىقلارنىڭ ئايغىدىكى چاتقاللىقلاردا ئۆسىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورا ئۈچۈن مېۋىسى ئىشلىتىلىدۇ. پىشقاندا يىغىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ. يىلتىزى ۋە چېچىكىمۇ دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئازغان مېۋىسى: تەمى چۈچۈمەل، تىلنى قورۇيدۇ، تەبىئىتى موتىدىل، زەھەرسىز. مەنىنى چىڭىتىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، سۈيدۈكنىڭ قېتىم سانىنى ئازايتىدۇ. يىلتىزى: تەمى تاتلىق، تىلنى ئازراق قورۇيدۇ، تەبىئىتى موتىدىل، زەھەرسىز. ئىسسىقنى قايتۇرۇپ،زەھەرنى تارقىتىدۇ، قاننى سوۋۇتىدۇ، ھېيزنى راۋان قىلىدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** ئىچتەلامدا، سىيگەك كېسىلىدە، سىيىش سانى كۆپىيىشتە، سوزۇلما خاراكتېرلىك ئىچ سۈرۈشتە، ئاق خۇن كېلىشتە، ئۆزلىگىدىن تەرلەشتە، ئوغرى تەردە، بەل - پۇت ئاغرىشتا: ئازغاندىن 5-3 مىسقال، سۇدا قايناتىپ ئىچىلىدۇ. (2) يىقىلىپ زەخىملىنىشتە، بەل - پۇت سىقىراپ ئاغرىشتا، سوزۇلما خاراكتېرلىك ئىچ سۈرۈشتە، يوتەلدە: ئازغان يىلتىزى 5 مىسقالدىن 1 سەرگىچە قايناتىپ ئىچىلىدۇ. (3) چىقان چىققاندا: ئازغان يىلتىزىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، سوقۇپ ئېزىپ سۈرتۈلىدۇ.

**مىقدارى:** مېۋىسى 3—1.5 مىسقال، يىلتىزى 1—0.5 سەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# دۇپ

## 橡子 Xiang zi

بەللۇت (橡子肉) ، دۇپ چىنىسى (橡子碗)

(دۇپ دەرىخى ئائىلىسى، دۇپ دەرىخى ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** (1) 5 - 8 مېتىر ئېگىزلىكتە ئۆسىدىغان دەرەخ، يۇمران شاخلىرىدا ئاق ئۇششاق چىپار چېكىتلىرى بار. (2) يوپۇر- ماقلىرى نوۋەتلىشىپ ئۆسكەن، قېلىن، تېرىلەشكەن، شەكلى تەتۈر تۇخۇمسىمان، گىرۋەكلىرى چوڭقۇر دولقۇنسىمان بولىدۇ. (3) ئۇمۇمى ئۇرىغۇچى يوپۇرماقلىرى چىنىگە ئوخشايدۇ، سىرتىدا ناھايىتى رەتلىك تەڭگە يوپۇرماقلىرى بولىدۇ. مېۋىسى قاتتىق، سوقۇچاق بولۇپ، پىش- قاندىن كېيىن ساغۇچ خومارەڭگە ئۆزگىرىدۇ، پاقىراق بولىدۇ (270- رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۆسۈش ئورنى:** غۇلجىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورا ئۈچۈن مېۋىسى (بەللوت) ۋە ئۇمۇمى ئۇرىغۇچىسى (دۇپ چىنىسى) ئىشلىتىلىدۇ. كۈزدە مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن يىغىۋېلىپ، ئاپتاپتا ئايرىم قۇرۇتۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى قېرىق، تىلنى قورۇيدۇ، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز. ئۈچەينى قورۇپ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) سوزۇلما خاراكتېرلىك ئۈچەي ياللۇغىدا، تولغاقتا: بەللۇتتىن 1 سەر ئېلىپ، سوغا بىر كۈن چىلاپ، سۈزۈۋالغاندىن كېيىن، ئىزىلگىچە قاينىتىپ، شېكەر قوشۇپ يېيىلىدۇ. (2) باللىياتقۇ تۆۋەنگە چۈشۈپ قالغاندا ۋە سوك چىقىپ قالغاندا: مۇۋاپىق مىقدار-

دىكى بەللۇتنى سۇدا قاينىتىپ ھورى بىلەن ھورلاپ، سۈيى بىلەن يۇغاندىن كېيىن ئەسلىگە قايتىدۇ. (3) سوزۇلما خاراكتېرلىك تول-غاقتا، ئاق خۇنىدا: دۇپ چېنىسىدىن 2 سەر ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، ھەر قېتىمدا 2 مىسقالدىن كۈنىگە 2 قېتىم ئىچىلىدۇ.

**مىقتارى:** 1.5 - 3 مىسقال.

# يانتاق شېكىرى (يانتاق)

## 刺糖 Ci tang

**باشقا ئاتىلىشى:** تەرەنجۇبىل

(پۇرچاق ئائىلىسى، يانتاق ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** (1) كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئېگىزلىكى 40 - 60 سانتىمېتىر. (2) غولى تىك، قاتتىق بولۇپ، كۆپ شاخلىنىدۇ. (3) يوپۇرمىقى نوۋەتلىشىپ ئۆسكەن، قاتتىق، ئۇزۇنچاق تۇخۇمسىمان، يوپۇرماق يۈزى يېشىل، دۈمبىسى ئاقۇش كۆلرەڭ، يوپۇرماق قولتۇقىدا ئۇزۇن قاتتىق تىكىنى بولىدۇ. بىرقانچە گۈللىرى تىكەنگە ئوخشاش ئومۇمى ئوقىنىڭ ئۇچىدا ئۆسىدۇ. گۈلى كېپىنەك شەكلىدە، رەڭگى قىزغۇچ سوسۇن، قاسراقلىق مېۋىسى تەسۋىسىمان بولىدۇ. ئۇرۇغى دۈگىلەك، رەڭگى قارامتۇل بېغىرەڭ كېلىدۇ. يازدا شاخلىرىدىن ئاقۇش سېرىق رەڭلىك شىلىمشىق شېكەر شىرىسى ئاجرى-لىپ چىقىپ، كىچىك دانىچە بولۇپ قېتىپ قالىدۇ، بۇنى يانتاق شېكىرى دېيىلىدۇ (271 - رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۆسۈش ئورنى:** كۆپىنچە قۇرغاق يۇز يەرلەردە ۋە چاك

گاللىقلاردا ئۆسىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىلىدۇ. تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن كۆپ چىقىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورا سۈپىتىدە يانتاق شېكىرى (تەرەنجىۋىل) ئىشلىتىلىدۇ. يانتاق شېكىرى يازلىقى رەخت ياكى قەغەزنى يانتاقنىڭ تېگىگە يېيىپ، كىچىك تاياق بىلەن يانتاقنىڭ شاخلىرىنى قېقىپ، قېتىپ قالغان شېكەر يېلىملىرىنى چۈشۈرۈپ ئاندىن ئۇنىڭدىن يوپۇرماق ۋە باشقا ئارىلاشمىلىرىنى چىقىرىۋېتىپ تەييارلىنىدۇ. يانتاقنى ئوتقا قاقلاپمۇ شېكىرىنى چىقىرىشقا بولىدۇ. ئۇرۇقىمۇ دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى چۈچۈمەل تاتلىق، تەبىئىتى ئىسسىقا مايىل، زەھەرسىز. بەدەننى قۇۋۋەتلەندۈرىدۇ، ئۈچەينى قورۇيدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) تولغاقتا، ئىچ سۈرۈشتە ۋە قوساق ئاغرىشتا: يانتاق شېكىرى 3 مىسقال، يەنچىپ ئىچىلىدۇ. (2) چىش ئاغرىشتا: ھول يانتاق ئۇرۇقىنى يەنچىپ، شىرىسىنى چىقىرىپ، ئاغرىق چىشقا سۈركىلىدۇ.

**مىقدارى:** 3 - 5 مىسقال.

# قاغا جىگده

## 沙枣 Sha zao

(沙枣根皮) قاغا جىگده يىلتىز پوستى

(جىگده ئائىلىسى، جىگده ئۇرۇغدىشى)

**يىغىپ تەييارلاش:** دورا ئۈچۈن مېۋىسى (جىگده)، يىلتىز پوستى (جىگده يىلتىزىنىڭ پوستى) ئىشلىتىلىدۇ. پىشقاندىن كېيىن قېقىپ ئېلىپ ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇلىدۇ. يىلتىز پوستىنى خالىغان ۋاقىتتا ئېلىشقا بولىدۇ. غول شاخلىرىدىكى يېلىمىنى قۇرۇغاندىن كېيىن دورىغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ (272 - رەسىمگە قارالسۇن).

**تەبىئىتى:** بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، تېڭىلاندۇرىدۇ، مەنىنى تىزگىنلەيدۇ، ئاشقازاننى ياخشىلايدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ھېيزنى تەڭشەيدۇ، سۈيدۈكنى راۋان قىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) ئاشقازان ئاغرىش، ئىچ سۈرۈش، بەدەن زەئىپلىشىشتە ۋە ئۆپكە ئىسسىقىدىن بولغان يۆتەلدە ئىشلىتىلىدۇ. (2) سۇنۇقتا: رويان 10 گرام، زەمچە 10 گرام، ئىت ياڭىقى ئۇرۇقى 15 گرام، جىگده يېلىمى 23 گرام، ماگنىي سۇلفۇردىن 30 گرام ئېلىپ، ھەممىنى بىر قىلىپ يۇمشاق سۈزۈپ، ھەر 10 گرامىغا بىر تۇخۇم ئېقى قوشۇپ، ئاغرىق ئورۇنغا چاپلىمىز.

**مىقدارى:** 0.5 - 1 سەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكى ئادرېسى

# جىغان

## 沙棘 Sha ji

**باشقا ئاتىلىشى:** چىچىرغان، شەيتان پوقى

(جىگدە ئائىلىسى، جىغان ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** (1) يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ، نوتىلىرىنى كۈمۈش رەڭلىك تەڭگە تۈكلەر قاپلىغان. (2) يوپۇرمىقى نوۋەتلىشىپ ئۆسكەن، سېپى قىسقا، شەكلى يىپسىمان تېمىنە شەكلىدىكى تولۇق گىرۋەكلىك يوپۇرماق. (3) ئاتىلىقى، ئانىلىقى باشقا-باشقا تۈپلەردە بولىدۇ، گۈلى شۇ يىلى ئۆسكەن شاخلاردىن چىقىدۇ، گۈللىرى توپلىشىپ قىسقا ئومۇمى گۈل رېتىنى ھاسىل قىلىدۇ. كىچىك ئۇچكىلىك مېۋىسى يۇمىلاق، رەڭگى سېرىق، تەمى چۈچۈمەل بولىدۇ (273 - رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۆسۈش ئورنى:** جىلغىلاردا، بىنالاردا ۋە دەريا بويلىرىدا ئۆسىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە ئۆسىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆپرەك.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورا ئۈچۈن مېۋىسى ئىشلىتىلىدۇ. مېۋىسى كۈزدە پىشقاندا يىغىۋېلىنىپ، سايىدا قۇرۇتۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى چۈچۈمەل، سەل تاتلىق، تەبىئىتى مۆتىدىل، زەھەرسىز.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) ئىشتەيسىزلىكتە، ھەزىم قىلىش ناچار-لاشقاندا: جىغان مېۋىسىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ئەمەن سۈيى بىلەن ئىچىلىدۇ. (2) جىگەر قېتىشتا ۋە جىگەر قېتىشتىن بولغان

سۇلۇق ئىششىقلاردا: زەپەر بىلەن قوشۇپ بىرلىسە سۈيدۈك ھەيدەپ، ئىششىقنى ياندۇرىدۇ، جىگەرنى يۇمشىتىدۇ. (3) كوكۇل ئاينىش ۋە قۇسۇشتا، ھول جىغان مېۋىسىنى يەنچىپ، سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ ئىچىلىدۇ. (4) زەھەرلىك ھاشارەتلەر چېقىپ زەھەرلەنگەندە، ئىسسىق ئوتۇپ ئايلىنىپ كەتكەندە ۋە ئىشتەيسىزلىكتە ھول جىغان مېۋىسىنى سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ، باراۋەر مىقداردا ئالما سۈيىنى قوشۇپ ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردا شېكەر قوشۇپ، قىيام تەييارلاپ ئىچىلىدۇ.

**مىقدارى:** 0.3 — 1 سەر.

# قارا ئۆرۈك

## 酸梅 Suanmei

(ئەتىرگۈل ئائىلىسى، ئەينولا ئۆرۈغدىشى)

**تونۇش:** (1) چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ بولۇپ، كۆپ شاخلىنىدۇ. (2) يوپۇرماقلىرى نوۋەتلىشىپ ئۆسكەن، يوپۇرماق سېپىدا ئاق تۈكلەر بولىدۇ، شەكلى تەتۈر تۇخۇمسىمان ياكى سوقۇچاق، گىرۋەكلىرى ھەرە چىشسىمان كېلىدۇ. (3) گۈلى ئاق، گۈلتاجىسى 5، ئۆچكىلىك مېۋىسى سوقۇچاق، رەڭگى قارامتۇل سۆسۈن، ئۆچكىسى كىچىگرەك، تەمى چۈچۈمەل بولىدۇ (274 - رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۆسۈش ئورنى:** رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدا ئۆستۈرۈلىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆپرەك.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورا ئۈچۈن مېۋىسى (قارا ئۆرۈك) ئىشلىتىلىدۇ. مېۋىسى پىشقاندا يىغىۋېلىپ، ئاپتاپقا سېلىپ، يېرىم قاق قىلىپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى چۈچۈمەل، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، زەھەر-

سىز. ئىسسىقنى قايتۇرۇپ ،تاش بەدەندىكى ئىللەتلەرنى تارقىتىدۇ، قو-رۇيدۇ، يوتەل توختىتىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** ( 1 ) ئۇزۇن ۋاقىت يوتىلىپ توختىمىسا: قارا ئۆرۈك، سوغۇگۇل ۋەپاقا يوپۇرماقىنىڭ ھەر بىرىدىن 3 مىسقال، كىچىك يوپۇر-ماقلىق سۆزە 1 مىسقال قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. ( 2 ) تولغاق ئۇزۇنغا سو-زۇلۇپ سوگى چىقىپ كەتكەندە: قارا ئۆرۈك 5 مىسقال، قارا ئەندىز ۋە زىرىق يىلتىز پوستىنىڭ ھەر بىرىدىن 0.5 مىسقال، قاينىتىپ ئى-چىلىدۇ. ( 3 ) زۇكامنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا: قارا ئۆرۈكتىن مۇۋاپىق مىقتاردا ئېلىپ، دەملەپ چاي ئورنىدا ئىچىلىدۇ ياكى مۇۋاپىق مىق-تاردا شوۋ گۈرۈچكە قوشۇپ ئىچىلىدۇ.

**مىقتارى:** 0.5—1 سەر.

# غالچەك

## 千屈菜 Qian qü cai

(غالچەك ئائىلىسى، غالچەك ئۆرۈغدىشى)

**تونۇش:** ( 1 ) كوپ يىللىق سامان غوللۇق ئوسۇملۈك، ئېگىزلىكى 50 — 80 سانتىمېتىر. ( 2 ) غولى تىك، يۇقىرى قىسمى تۈت قىرلىق، توۋەن قىسمى تۈۋرۈكسىمان بولۇپ، كوپ شاخلىنىدۇ. ( 3 ) يوپۇرمىغى ئۇدۇل ئوسكەن، سىپى يوق دىيەرلىك، شەكلى تىمنە-سىمان، ئۇچى تەدرىجى ئۇچلانغان، تۈۋى تەدرىجى تارايغان. ( 4 ) گۈلى يەككە شاخلىرىدا ئۇچىدىكى يوپۇرماق قولتۇقىدىن ئوسكەن، رەڭگى قىزغۇچ سوسۇن بولۇپ، توپلىشىپ باشاقسىمان گۈل رېتىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئوزا مىۋىسى سوقۇچاغراق يۇمۇلاق بولۇپ، پۈتۈنلەي

گۈل كاسىسىغا ئورۇلۇپ تۇرىدۇ. ئۇرۇغى كۆپ ۋە بەك ئۇششاق بولىدۇ (275 - رەسىمگە قاراڭ).

**ئۆسۈش ئورنى:** سۇ بويلىرىدا، نەم جايلاردا ۋە يول بويلىرىدا ئۆسىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە جايىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورىغا پۈتۈن ئوت قىسمى ئىشلىتىلىدۇ. يازدا ۋە كۈزدە يىغىۋېلىپ، يۇيۇپ، توغراپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى سەل ئاچچىق، تەبىئىتى موتىدىل، زەھەرسىز. قورۇيدۇ ۋە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) باكتېرىيىلىك تولغاقتا ۋە ئىچ ئۆتۈشتە: غالچەك 3 - 5 مىسقال، چاي 4 مىسقال، قايىنىتىپ ئىچىلىدۇ. (2) قان تۈكۈرۈپ قېلىپ ھېيىز كەلمەسلىكتە: غالچەك 5 مىسقال، زاراڭزا چېچىكى 3 مىسقال، قايىنىتىپ ئىچىلىدۇ.

**مىقدارى:** 3 — 5 مىسقال.

# پاشا ئوت

## 合叶子 He ye zi

(ئەتىرگۈل ئائىلىسى، پاشا ئوت ئۇرۇغىدىشى)

**تونۇش:** (1) كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، بىر مېتىرچە ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. (2) غولى تىك، سىلىق، تۈكسىز بولىدۇ. يوپۇرمىقى نوۋەتلىشىپ ئۆسكەن، تاق سانلىق پەيسىمان يوپۇرماق بولۇپ، پۇرچاق يېرىلغان، يېرىقچە يوپۇرماقلىرى يۇمىلاق تۇخۇم شەكلىدە، گىرۋەكلىرى ھەرەچىشلىق بولىدۇ، كەينى تەرىپى ئاقۇش، ئۈستى يۈزى يېشىل بولىدۇ. (3) چەكلىك كۈنلۈكسىمان گۈل رېتى

بولۇپ، گۈلىنىڭ رەڭگى ئاق، گۈل تاجى ياپرىقى 4 تال بولىدۇ. 5 - 8 تال ئۇرۇق مېۋىسى شار شەكلىدە توپلىشىپ ئۆسىدۇ (276 - رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۆسۈش ئورنى:** ئوتلاقلاردا، ئورمان چەتلىرىدە ئۆسىدۇ، شىمالىي شىنجاڭدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورىغا يىلتىزى ئىشلىتىلىدۇ، كۈزدە يىلتىزىنى قېزىۋېلىپ، تازىلاپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى سەل چۈچۈمەل، تەبىئىتى مۆتىدىل، قورۇيدۇ ۋە قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) يۇقىرى قان بېسىمىدا: پاشا ئوت يىلتىزى 5 مىسقال، قايناتقىپ ئىچىلىدۇ. (2) تاشقى زەخىملىنىشلەر ياكى كۆيۈكلەردە: مۇۋاپىق مىقداردىكى پاشا ئوت يىلتىزىنى يۇمشاق سوقۇپ ئاغرىق ئورۇنغا سېپىلىدۇ.

**مىقدارى:** 3 - 5 مىسقال. سىرتقا مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ .

## 15 . ئاغرىق توختاتقۇچى دورىلار

(止痛药)

بۇ ئاغرىق توختاتقۇچى دورىلار بولۇپ، خاتىرجەم قىلىش، تېچلاندۇرۇش، تارتىشىشنى يېشىش، ئاغرىق توختىتىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە. ئاشقازان ئۈچەيلەرنىڭ تارتىشىپ قېلىشى، ئاشقازان ئاغرىشى، ئوت سانجىغى، يىقىلىپ زەخىملىنىش قاتارلىق كېسەللىكلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

# مىڭ دىۋانە ئۇرۇغى (مىڭ دىۋانە)

## 天仙子 Tian xian zi (莨菪)

مىڭ دىۋانە يوپۇرمىغى (莨菪叶)

**باشقا ئاتىلىشى:** بىزۇرولبەنجى

(چەيزە ئائىلىسى، مىڭ دىۋانە ئۇرۇغىدىشى)

**تونۇش:** (1) ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئېگىزلىكى 0.5 - 1 مېتىر، تېنىدە ئاقۇش بەز تۈكلىرى بولىدۇ. (2) تۈۋۈردىكى يوپۇرماقلىرى توپلىشىپ ئۆسىدۇ، يوغانىراق كېلىدۇ. يوپۇرماق سېپى ياپىلاق ۋە قىسقا، يوپۇرماق شەكلى ئۇزۇن تۇخۇمسىمان بولۇپ، گىرۋىكى رەتسىز پەيسىمان تېپىز يېرىلغان، ھەر بىر يېرىلچە يوپۇرماقلىرى 3 بۇرجەك ياكى تار 3 بۇرجەك شەكلىدە بولىدۇ. غولىدىن چىققان يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسكەن، سېپى يوق، شەكلى سوقچاق، زىچراق تىزىلغان، كوپىنچە گۈلى بىر تەرەپكە جايلىشىدۇ. (3) گۈلى يوپۇرماق قولتۇغىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ، سېپى ناھايىتى قىسقا، گۈل كاسىسى ئىستاكانسىمان بولىدۇ، ئۇرۇغى پىشقاندىن كېيىنمۇ چۈشۈپ كەتمەيدۇ، گۈلىنىڭ رەڭگى ئاچ سېرىق، سوسۇن رەڭلىك، تورسىمان تومۇرلىرى بولىدۇ. مېۋا مېۋىسى پىشقاندا قاپقاق ئېچىلغاندەك يېرىلىدۇ، ئۇرۇغى كوپ بولىدۇ (277 - رەسىمگە قاراڭ).

**ئۆسۈش ئورنى:** يېزىلاق چەتلىرىدە، يول بويلىرىدا، ئېتىز قىرلىرىدا، جىلغا قاتارلىق نەم جايلاردا ئۆسىدۇ. شىمالىي شىنجاڭدىن كوپرەك چىقىدۇ.

**يغىپ تەييارلاش:** دورا ئۈچۈن ئۈرۈغى (مىلك دىۋانە ئۈرۈغى) ۋە يوپۇرمىغى (مىلك دىۋانە يوپۇرمىغى) ئىشلىتىلىدۇ. ئۈرۈغىنى پىشقاندىن كېيىن يىغىۋېلىپ، شاكاللىرىنى چىقىرىۋېتىپ تەييارلىنىدۇ. يوپۇرمىغىنى تازا يېتىلگەن ۋاقىتتا يىغىپ، ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇلىدۇ (ھىمۇسىئامىن ياكى ھىمۇسىئامىن چىلانىمىسى ۋە ئىسپىرتلىق ياسالمىسى ئىشلىتىلىدۇ).

**تەبىئىتى:** ئۈرۈغىنىڭ تەمى تاتلىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، يوپۇرمىغىنىڭ تەمى قېرىق، تەبىئىتى سوغاق، ھەر ئىككىسىلا ئىنتايىن زەھەرلىك؛ تارتىشمىنى باسىدۇ، خاتىرجەم قىلىدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) ئاشقازان - ئۈچەي تۇگۇلۇپ قىلىش، ئاشقازان ئاغرىش، ئىچ سۈرۈش، سوك چىقىش، چىش ئاغرىش، نېرۋ ئاغرىش، دېمى سىقىلىش، ھىستېرىيە، تۇتقاقلىق، ئەس - ھوشى جايىدا بولماسلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ. (2) يامان سۈيەتلىك يارىلاردىن زەھەرلىنىشتە: مىلك دىۋانە ئۈرۈغىنى سوقۇپ سىرتتىن چېپىلىدۇ.

**مىقدارى:** 2 — 4 فۇڭ.

**مەنئى قىلىنىشى:** يۈرەك كېسىلى بارلارغا يۈرەك خىزمىتى زەئىپلەشكەنلەرگە ئىشلىتىش مەنئى قىلىنىدۇ.

**قوشۇمچە:** پاكار مىلك دىۋانە (矮莨菪) بۇنىڭ ئالاھىدىلىگى شۇكى، ئۇسۇملۇگى كىچىك، ئېگىزلىگى 30 سانتىمېتىر كېلىدۇ. شېخى كوپ، يوپۇرمىغى تېمىنەسىمان، سېپى بولىدۇ، گۇل كاسىسى ۋارونكاسىمان بولىدۇ. بۇمۇ مىلك دىۋانەقا تارىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

دىققەت: بۇنىڭ تەركىۋىدە ھىئوسىئامىن، سكوپولامىن، ئاتروپىنلار بولغانلىغى ئۈچۈن، ئىشلەتكەندە ئېھتىيات قىلىش كېرەك.

# ئىت ياڭىقى

## 曼陀罗 Man tuo luo

ئىت ياڭىقى گۈلى (洋金花) ئىت ياڭىقى مېۋىسى (醉仙桃)

ئىت ياڭىقى يوپۇرمىقى (曼陀罗叶)

**باشقا ئاتىلىشى:** ۋاك، بەڭگى دىۋانە

(چەيزە ئائىلىسى، ئىت ياڭىقى ئۆرۈغدىشى)

**تونۇش:** (1) بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئېگىزلىكى 60 - 130 سانتىمېتىر. (2) غولى تىك، تۆۋى ياغاچلاشقان، ئۈستۈنكى قىسمى ئاچماقلىنىپ شاخلىنىدۇ. (3) ئاددى يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، سېپى ئۇزۇن، شەكلى تۇخۇمسىمان ياكى ئۇزۇنچاق تۇخۇمسىمان، گىرۋىكى رەتسىز دولقۇنسىمان چىشلىق بولىدۇ. (4) گۈلى يوپۇرماق قولتۇقىدىن ياكى شاخچىنىڭ بولۇنگەن يېرىدىن ئايرىم ئۆسىدۇ. گۈل كاسىسى كانايسىمان، گۈل تاجىسى سۇناي شەكلىدە، رەڭگى ئاق، غوزا مېۋىسى يۇمىلاق كېلىدۇ، قىسقا قاتتىق تىكەنلىرى بولىدۇ. پىشقاندا يېرىلىدۇ، ئۇرۇغى قارا بولىدۇ (278 - رەسىمگە قاراڭ).

**ئۆسۈش ئورنى:** كۆپىنچە يېزا ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى چىمەنلىكلەردە ئۆسىدۇ. شىنجاڭنىڭ تۈزلەڭلىكلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورا ئۈچۈن گۈلى، مېۋىسى ۋە يو-

پورەمغى ئىشلىتىلىدۇ. گۈلى، يوپۇرمىغى تولۇق يېتىلگەندە ئېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ. مۇۋسى پىشقاندا يىغىۋېلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى ئاچچىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، زەھەرلىك، مەس قىلىپ، ئاغرىق توختىتىدۇ، رېماتىزىمنى داۋالايدۇ، يۆتەل ۋە دەم سىقىلىشنى پەسەيتىدۇ (ئۇسۇملۇكى ئىت باغىنىڭ سىپىرتلىق ياسالمىسى ۋە چىلانىملىرىنى تەبىئىيلاشتا خام ئەشيا قىلىنىدۇ).

**ئىشلىتىلىشى:** (1) زىقىمدا (قاتتىق قوزغالغاندا): ئىت ياغىنى گۈلىدىن بىر فۇڭ ئېلىپ ئۇششاق توغراپ، تاماكىغا ئارىلاشتۇرۇپ چېكىلىدۇ (باللارغا ئىشلىتىلمەيدۇ). يەنە بىر چۇفاڭ: ئىت ياغىنى گۈلى 5 مىسقال، گەج 1.5 سەر، دانىكا 2.5 سەر، چوچۇكبۇيا 5 سەر، قالقانگۇل 2 سەر، چىلان مېغىزى 1 سەر ھەممىسىنى يۇمشاق سوقۇپ، سۇ بىلەن كۇمۇلاچ ياساپ، ئەتىگەن، كەچتە ھەرقېتىمدا 5 فۇڭدىن بىر مىسقالغىچە بېرىلىدۇ. (2) رېماتىزىملىق بەل، پۇت ئاغرىشتا: 1 سەر ئىت ياغىنى گۈلىنى بىر جىڭ ھاراققا 10 كۈن چىلاپ، ھەرقېتىمدا 5 مىللىلىتىردىن، بىر كۈندە ئىككى قېتىم ئىچىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە گۈلى ياكى يوپۇرمىقىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قاينىتىپ سۈيى بىلەن سىرتتىن يۇيۇلىدۇ. (3) ئاشقازان ئاغرىشتا ۋە زىقىمدا: ئىت ياغىنى يوپۇرمىقىدىن 2 فۇڭ، سۇدا قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (4) نېرۋ خاراكتېرلىك باشنىڭ بىر تەرىپى ئاغرىشتا ۋە ئۇلتۇرغۇچ نېرۋ ئاغرىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**مىقدارى:** 1 - 2 فۇڭ.

**قوشۇمچە:** سوسۇن گۈللۈك ئىت ياغىنى (紫花曼陀罗): شەكلى ئىت ياغىنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئالاھىدىلىكى شۇكى گۈل تاجىسى سوسۇن، يوپۇرماق سېپى ۋە تومۇراق يوپۇرماق تومۇرلىرىمۇ قىزغۇچ سوسۇن رەڭدە بولىدۇ. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ تۈزلەڭ-

لىلىك رايونلىرىدىن تېپىلىدۇ لېكىن ئىت ياگىغىدەك كۆپ ئەمەس، خۇسۇسىيىتى ئىت ياگىغىنىڭكىگە ئوخشايدۇ.

**دىققەت:** ئەگەر كۆپ مىقداردا ئىچىلىپ، ئاغزى قۇرۇش، تېرىسى قۇرغاقلىشىش، كۆز قارچۇغى چوڭىيىش، تومۇر سوقۇشى تېزلىشىش، يۈزى قىزىرىش قاتارلىق زەھەرلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە تېزلىكتە چۈچۈكبۈيىدىن 1 − 4 سەر قاينىتىپ ئىچىش ياكى كۆپ مىقداردا ئاچچىق چاي ئىچىش كېرەك. كېسەللىك ئەھۋالى ئېغىر بولسا دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ جىددى قۇتقۇزۇش كېرەك.

# ياۋا زاغۇن

## 白屈菜 Bai qü cai

(ئەپيۇنگۈل ئائىلىسى، ياۋا زاغۇن ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** ( 1 ) كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئېگىزلىكى 50 − 100 سانتىمېتىر. ( 2 ) غولى تىك، پۈتۈن تېنىدە يۇمشاق ئاق تۈكلىرى بار. غولى چۈرۈك ئاجىز بولۇپ، سۇندۇرغاندا قىزغۇچ سېرىق رەڭلىك سۈت چىقىدۇ. ( 3 ) يوپۇرمىغى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، پەيسىمان تولۇق يېرىلىدۇ، يوپۇرماق ئۈستى يېشىل، ئاستى ئاقۇش يېشىل بولىدۇ. ( 4 ) گۈل رېتى كۈنلۈكسىمان بولۇپ، ئۇچىدا ياكى قولتۇغىدا ئۆسىدۇ. گۈلى سېرىق، گۈلتاجىسى 4 ياپراقلىق بولىدۇ، غوزا مېۋىسى يۇمۇلاق تۈۋرۈكسىمان بولۇپ، پىشقاندا 2گە يېرىلىدۇ ( 279 − رەسىمگە قارالسۇن ).

**ئۆسۈش ئورنى:** تاغلىق يەرلەردە ئۆسىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورا ئۈچۈن يەر ئۈستى قىسمى

ئىشلىتىلىدۇ. يازدا ۋە كۈزدە يىغىپ، ھول ياكى ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، كېسىپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى قېرىق، تەبىئىتى سوغاق، زەھەرلىك، ئاغ-رىق توختىتىپ، يوتەلنى باسىدۇ، ئىششىقنى، زەھەرنى قايتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) ئاشقازان ئاغرىشتا (سوزۇلما ئاشقا-زان ياللۇغى، ئاشقازان يارىسىدا)، ئىچى سۈرۈپ قوساق ئاغرىشتا، يوتەلدە: ياۋا زاغۇندىن 3 مىسقال ئېلىپ، قاينىتىپ 3كە بولۇپ ئىچىلىدۇ. (2) چاقىدا، قوتۇردا ۋە تەمرەتكىدە: ھول ياۋازاغۇننى ئېزىپ سىرتقا سۈرۈلىدۇ ياكى سۈيۈق مەلھەم قىلىپ سىرتقا سۈ-رۈلىدۇ. (3) راك كېسىلىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**مىقتارى:** 0.5 – 2 مىسقال.

## ياۋا ئەپيۇنگۈل

### 野罂粟 Ye ying cu

**باشقا ئاتىلىشى:** ياۋا كوكنار، لەيلىقازاق

(ئەپيۇنگۈل ئائىلىسى، ئەپيۇنگۈل ئۇرۇغىدىكى)

**تونۇش:** (1) كوپ يىللىق سامان غوللۇق ئوسۇملۇك، ئې-گىزلىكى 30 – 50 سانتىمېتىر. پۈتۈن تېنىدە قاتتىق تۈكچىلىرى بار، سۇندۇرغاندا ئاق سۈتى چىقىدۇ. (2) تۈۋىدىكى يوپۇرماقلىرى توپ-لىشىپ ئوسىدۇ، شەكلى ئۇزۇن تۇخۇمسىمان بولۇپ، پەيسىمان چوڭقۇر يېرىلغان. (3) گۈلى سېرىق، گۈلتاجىسى 4 بولۇپ، ئۇچىدا ئوسىدۇ. غوزا مېۋىسى ئۇزۇن سوقۇچاق كېلىدۇ، تىك ئوسكەن تۈكلىرى بولىدۇ ياكى تۈكلىرى بولمايدۇ (280 – رەسىمگە قاراڭلار).

**ئۆسۈش ئورنى:** تاغ باغرىدا، چىمەنلىكلەردە، دەريا بويى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئۆسىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورا ئۈچۈن غوزا مېۋىسى ئىشلە- تىلىدۇ. يازدا ۋە كۈزدە يىغىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى ئاچچىق چۈچۈك بولۇپ، سەل قىزىق، تەلنى قورۇيدۇ. تەبىئىتى سەل سوغ، زەھەرلىك! ئاغرىقنى باسىدۇ، يوتەلنى، ھاسىراشنى ۋە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) نېرۋ خارەكتېرلىك باش ئاغرىشتا ۋە باشنىڭ بىر تەرىپى ئاغرىشتا. (2) كونا يۆتەلدە، دېمى سىقىلىشتا، ئىچ سۈرۈش ۋە چوڭ تەرەتتىن قان كېلىشتە. (3) ئىچتىلامدا، ئاغرىتىپ كەلگەن ھېيىزدا، ئاق خۇندا، سوڭى چىقىپ قېلىشتا ئىش- لىتىلىدۇ. (4) ئوتكۈر ۋە سوزۇلما ئاشقازان ياللۇغى، ئاشقازان يارىسى ۋە ئاشقازان ئاغرىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**مىقدارى:** 0.8 — 2 مىسقال.

**قوشۇمچە:** مامىسا (海罂粟): يوپۇرمىقى تۇۋىدە توپلىشىپ ئۆسىدۇ. پەيسىمان چوڭقۇر يېرىلغان، ھەر بىر يېرىقچە يوپۇرمىقى چىشسىمان بولىدۇ ياكى كەمتۈكلىرى بولىدۇ، رەڭگى كوكۈش كۈلە- رەڭ، ئۈستىدە ئۇششاق ئۈپىلىرى بولىدۇ، يوپۇرمىقى قاتتىق بولىدۇ. غولى توپ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. گۈلى سېرىق بولۇپ، ئۇچىدا ئۆسىدۇ. غوزا مېۋىسى ئۇزۇن يىپسىمان، سەل ئەگرى بولىدۇ. بۇمۇ ياۋا ئەپيۇنگۈل ئورنىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئېگىر

## 菖蒲 CHang pu 水菖蒲

### باشقا ئاتىلىشى: ۋەج

(ئېگىر ئائىلىسى، ئېگىر ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** (1) كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئېگىزلىكى 50 – 100 سانتىمېتىر. پۈتۈن تېنى سېسىق پۇرايدۇ. (2) يىلتىزسىمان غولى توغرىسىغا ئۆسىدۇ. سىرتقى پوستى ساغۇچ قوڭۇر، ئىچكى قىسمى سۇس ھالرەڭ بولۇپ، نۇرغۇنلىغان چاچما يىلتىزلىرى بولىدۇ. (3) يوپۇرمىقى تۈۋىدىن توپلىشىپ، تىك ئۆسىدۇ، شەكلى خەنجەر سىمان يېپ شەكىللىك، يوپۇرماق تومۇرى پاراللېل بولۇپ، ئوق تومۇرى ئېنىق كۆرۈنىدۇ. (4) گۆشلۈك باشاقسىمان گۈل رېتى بولۇپ، شەكلى يۇمىلاق تۈۋرۈكسىمان، گۈلى كىچىك، رەڭگى سۇس يېشىل كېلىدۇ. شىرنىلىك مېۋىسى ئۇزۇن سوقۇچاق بولۇپ، پىشقاندا قىزىرىدۇ (281 – رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۆسۈش ئورنى:** سۇ بويىدا، سازلىقلاردا ئۆسىدۇ. ئېلىمىزدە كۆپ تارقالغان.

**يىغىش تەييارلاش:** دورا ئۈچۈن يىلتىزسىمان غولى ئىشلىتىلىدۇ. باھاردا ۋە كۈزدە قېزىۋېلىپ، چاچما يىلتىزلىرىنى ئېلىۋېتىپ، پاكىز يۇيۇپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ. نەملەپ، نېپىز ياپىلاپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى ئاچچىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، ئازراق زەھەرلىك؛ نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ، ئاشقازاننى ياخشىلايدۇ، يەلنى ھەيدەيدۇ، ئاغرىقنى باسىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) نېرۋا ئاجىزلىقتا ۋە ئۇنۇتقاقلىقتا: ئېگىر،

كەرمان، لوڭگۇ، ئىشلەنگەن تاشپاقا قېپىنىڭ ھەر بىرىدىن 2 مىسقال ئېلىپ، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (2) سوزۇلما ئاشقازان ياللۇغىدا: ئىگىر 3 مىسقال، مامكاپ 3 مىسقال، ئارپا ئۈندۈرمىسى 3 مىسقال، تۇرۇپ ئۇرۇقى 3 مىسقال، سۇدا قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (3) رېماتىزىملىق بوغۇم ئاغرىشتا: ئىگىر چوڭ يوپۇرماقلىق جىنتىيانانىڭ ھەر بىرىدىن 3 مىسقال ئېلىپ، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (4) سوزۇلما خارەكتېرلىك تولغاقتا: ئىگىر، كەرمان، قان تېپەر، نىلوپەر ئۇرۇقىنىڭ ھەر بىرىدىن 3 مىسقال، قارا ئەندىز 1.5 مىسقال، ياۋا كەشمىر 3 مىسقال، پاقا يوپۇرماق ئۇرۇقى 3 مىسقال ئېلىپ، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (5) چىلقاندا: ھول ئىگىردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئېزىپ، سىرتقا چېپىلىدۇ.

**مىقدارى:** 1 – 2 مىسقال.

# تۆگە تاپان

## 骆驼蹄草 luo tuo ti cao

(ئوغرى تىكەن ئائىلىسى، تۆگە تاپان ئۇرۇقىدىشى)

**تونۇش:** (1) كوپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئېگىزلىكى 20 – 30 سانتىمېتىر. (2) غولىنىڭ تۈۋى ياغاچلاشقان بولۇپ، يۇقۇرى قىسمىدىن كوپ شاخلىنىدۇ، قىيپاش بولۇپ كوتىرىلىدۇ. (3) يوپۇرمىغى ئۇدۇل ئۆسكەن، گوشلۇك، شەكلى ئۇزۇنراق سوقۇچاق، يېپىلىپ ئاچماق بولۇپ، يوپۇرماق ئۇقىنىڭ ئۇچىغا تىزىلغان. (4) گۈلى قىزغۇش بېغىرەڭ بولۇپ، يوپۇرماق قولتۇغىدىن جۈپ بولۇپ ئۆسۈپ چىقىدۇ. غوزا مېۋىسى تۆۋرۈكسىمان، شەكلى ئۇزۇنراق سوقۇچاق بولىدۇ (262 – رەسىمگە قاراڭ).

**ئۆسۈش ئورنى:** تۇزلەڭلىكلەردە، تاغ ئېتەكلىرىدە، ئېرىقلار دا باكى يول بويىدا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى ئاچچىغراق تۈزلۈق، ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** يازدا ۋە كۈزدە يىغىۋېلىپ، تازىلاپ توغراپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** داۋاملىق باش ئاغرىغاندا، يانتاق شېكىرى 2 گرام، ئادىراسمان 1 گرام، توگە تاپان 2 گرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، كۈنىگە 3 قېتىم ھەر قېتىم 1 - 3 گرامدىن ئىچىلىدۇ.

**مىقدارى:** 2 - 5 گرام.

# تاشقى كېسەللىكلەرنى داۋالايدىغان دورىلار

外科药

بۇ دورىلار قورۇش، قان توختىتىش، يارىلارنى (غەلۋىرەكلەرنى) سافايتىش، چىرىشنى توختۇتۇپ گوش ئۆستۈرۈش، يىرىڭنى چىقىرىپ، ئاغرىق توختىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. شۇڭا بۇ دورىلار سىرتتىن يارىلىنىپ قان چىقىش، كۆيۈك يارىسى، يىقىلىپ-ئۇرۇلۇپ زەخىملىنىش، چاقا - غەلۋىرەكلەر، چىلە تەمرەتكە، ئۇششۇك، تېرە ياللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

## ھەرە ھوكۇنىگى

**蜂房** Feng fang (露蜂房)

**باشقا ئاتىلىشى:** ھەرە ئۇگىسى

**تونۇش:** بۇ چوك سېرىق ھەرە ياكى ياۋا سېرىق ھەرىنىڭ ياسىغان ئۇگىسى، شەكلى يۇمىلاق، رەڭگى ئاقۇش كۈلرەڭ كېلىدۇ. ئارقا تەرىپىدە سېپى بولىدۇ، ئالدى تەرىپىدە نۇرغۇنلىغان چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان 6 بۇرجەكلىك توشۇكلەر بولىدۇ. چوك سېرىق ھەرىنىڭ ئېنى ئۇزۇن، رەڭگى قىزغۇچ سېرىق كېلىدۇ، ئۈستىدە قارا داغلار بولىدۇ، ياۋا سېرىق ھەرىنىڭ ئېنى كىچىك، ئۈستىدە نۇرغۇنلىغان سېرىق توغرى سىزىقلىرى بولىدۇ.

**ياشاش ئورنى:** پېشايۋانلاردا، دەرەخ شاخلىرىدا، ئېگىز ئۆتلاردا ۋە تاشلارنىڭ ئارىلىرىدا بولىدۇ. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** كۈزدە ۋە قىشتا يىغىۋېلىپ، ئازراق ھورلىغاندىن كېيىن، ئۆلۈك ھەرىلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، ئەخلەتلەرنى ئېلىۋېتىپ، ئۇششاق توغراپ قورۇپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى تاتلىق، تەبىئىتى مۆتىدىل. زەھەرلىك؛ ئەلنى تارقىتىپ، زەھەرنى كېسىدۇ، قۇرۇتلارنى ئۆلتۈرىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) بۇۋاسىرىدىكى ئاغرىشلاردا: ھەرە ئۇۋىسى 3 مىسقال، غاز تاپان 1 سەر، سېرىق ئوت 1 سەر، سۇدا قاينىتىپ ئاغرىق ئورۇن يۇيۇلىدۇ. (2) ئېغىزمان ۋە گەدەنگە چىققان يارىدا: قارا گۈنجۈتنى ھەرە ھوكۇنىگىنىڭ توشۇكلىرىگە قويۇپ سۇس ئوت بىلەن قىزدۇرۇپ، يۇمشاق سوقۇپ ئۇنىڭغا ئوخشاش مىقتاردىكى كامفۇرنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ. يارا يېرىلىتمىغان بولسا، سېرىق مومنى سۇماي بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا دورا تالقىنى قوشۇپ، يارا ئەتراپىغا سۈركىلىدۇ. ئەگەر يارا يېرىلىپ سېسىغان بولسا، دورا تالقىنىنى ئۈستىگە سەپسە بولىدۇ ياكى ھەرە ھوكۇنىگى ۋە يىلان پوستىنىڭ ھەربىرىدىن ئوخشاش مىقتاردا ئېلىپ، سۇس ئوت بىلەن تەبىئىتى ئۆزگەرمىگىچە قىزدۇرۇپ، يۇمشاق سوقۇپ، يارىغا سەپسە بولىدۇ. (3) سۈت بەز ياللۇغىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا (سۈت بېزىدىكى غەلۋىرەكتە): ھەرە ھوكۇنىگىنى سۇس ئوت بىلەن تەبىئىتى ئۆزگەرمىگىچە قىزدۇرۇپ، يۇمشاق سوقۇپ، ھەر قېتىمدا 1 مىسقالدىن ھەر 4 سائەتتە بىر قېتىم سېرىق ھاراق بىلەن ئىچىلىدۇ. (4) جاھىل تەمرەتكە ۋە تېرە ياللۇغىدا: ھەرە ھوكۇنىگى 3 مىسقال، رەمچە 3 مىسقال، ئەمەن يوپۇرمىقى 5 مىسقال، سەپرا ئوت يىلتىز پوستى 5 مىسقال سۇدا قاينىتىپ ئاغرىق ئورۇن يۇيۇلىدۇ. (5) قۇرۇت يېگەن چىش ئاغرىغاندا: ھەرە ھوكۇنىگى

ۋە كاۋاۋىچىنىنىڭ ھەر بىرىدىن 2 مىسقال ئېلىپ، قايناتىپ ئازراق تۇز سېلىپ، ئېغىز چايقىلىدۇ. (6) ئەرلەرنىڭ جىنسىي ئاجىزلىقىدا: ھەرە ھوكۇنىگىنى سۇس ئوت بىلەن تەبىئىتى ئۆزگەرمىگىچە قىزدۇرۇپ، يۇمشاق سوقۇپ، ھەر قېتىمدا 2 مىسقالدىن ئۇخلاش ئالدىدا قايناقسۇ بىلەن ئىچىلىدۇ.

**مىقدارى:** 0.8 - 1.5 مىسقال.

## يۈنمۇ

## 云母 Yun mu

**باشقا ئاتىلىشى:** بالتىراق تاش

**تارقىلىشى:** ئالتاي، تيانشان، كۇئېنلۇن تاغلىرىدا بولىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** قېزىۋېلىنغان يۈنمۇنىڭ لاي ۋە باشقا تاشلىرىنى تازىلىۋېتىپ، سوقۇپ ساپال قاچىغا سېلىپ، چوغلانغان ئوچاققا قويۇپ، قىزىپ قىپ-قىزىل بولغاندىن كېيىن ئېلىپ سۇۋۇتۇلسا، پىشقان يۈنمۇ بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى تاتلىق، تەبىئىتى موتىدىل، زەھەرسىز. بۆرەكنى قۇۋۋەتلەندۈرىدۇ، دەم سىقىشنى پەسەيتىدۇ، قان توختىتىدۇ، يارىلارنى پۈتتۈرىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) تاشقى بەدەن يارىلىنىپ، قان چىققىنىدا: يۈنمۇنى يۇمشاق سوقۇپ، سىرتقا سېپىلىدۇ. (2) يەل تېششىقىدا: يۈنمۇدىن 3 مىسقال ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، سۇ بىلەن قوشۇپ ئىچىلىدۇ.

**مىقدارى:** 2-4 مىسقال.

**مەنئىي قىلىنىشى:** زۇكام قىزىتمىسى بولغانلارغا ئىچىش مەنئىي قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئادراسمان

## 骆驼蓬 Luo tuo peng

(ئوغرى تىكەن ئائىلىسى، ئادراسمان ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** (1) كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، پۈتۈن تېنى سېسىق پۇرايدۇ. (2) يىلتىزى توم، ئۇزۇن بولۇپ، غولى تۆۋىدىن 4 تەرەپكە يېيىلىپ شاخلىنىدۇ. تۆۋەن تەرىپى يەر بېغىرلايدۇ، ئۈستى تەرىپى قىيپاش كۆتىرىلىپ ئۆسىدۇ، غولى يۇمىلاق ۋە قىرلىق بولىدۇ. (3) يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسكەن، بىر قانچە قايتىلىنىپ يېرىلغان بولۇپ، سۇغۇنلىغان ئاچىماقلىق يېپىسمان يېرىقچىلارغا بۆلۈنگەن. (4) گۈلى ئاق، گۈلتاجىسى 5 تال، گۈل كاسىسا يوپۇرمىقى 5 تال، شەكلى يىپسىمان يۇمۇلاق بولۇپ، غوزا مېۋىسى شار سىمان بولىدۇ (283 - رەسىمگە قاراڭ).

**ئۆسۈش ئورنى:** يول بويلىرى ۋە چۆل - جەزىرىلەر قاتارلىق قۇرغاق ئورۇنلاردا ئۆسىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورا ئۈچۈن يەر ئۈستى قىسمى ۋە ئۇرۇقى ئىشلىتىلىدۇ. يەر ئۈستى قىسمىنى يازدا ۋە كۈزدە يىغىۋېلىپ، ھۆل پېتى ئىشلىتىلىدۇ ياكى كېسىپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇقى پىشقاندا يىغىۋېلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** زەھەرلىك؛ ئۆپكىنى يايرىتىپ، يۆتەلنى توختىتىدۇ. نەملىكنى چىقىرىپ، زەھەرنى كېسىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) يۆتىلىپ دېمى سىقىلىشتا ۋە كىچىك

تەرەت راۋان بولماسلىقتا: ئادىراسمان ئۇرۇغىدىن 2 ـ 4 فۇڭ ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، مۇۋاپىق مىقتاردا ئاق شېكەر ياكى ھەسەل قوشۇپ ئىچىلىدۇ. (2) نامەلۇم ئىششىقلاردا: ئادىراسماندىن مۇۋاپىق مىقتاردا ئېلىپ قاينىتىپ، ئاغرىغان ئورۇن يۇيۇلىدۇ. (3) رېماتىزىملىق ئوتكۇر بوغۇم ياللۇغىدا: ئادىراسماندىن مۇۋاپىق مىقتاردا ئېلىپ ئېزىپ ئاغرىغان ئورۇنغا چېپىلىدۇ. (4) قىزىل ئۆڭگەچ راكىدا: ئادىراسمان ئۇرۇغىنى سوقۇپ كۈنىگە 2 قېتىم ھەر قېتىمدا 4 فۇڭدىن فاينافىسۇ بىلەن ئىچىلىدۇ.

**مىقدارى:** 2 ـ 4 فۇڭ.

# ئالا قوڭغۇز

斑蝥 Ran mao (虎斑芫青)

**باشقا ئاتىلىشى:** ئالا كۇلۇك

**تونۇش:** ئۇزۇنلۇغى 1 ـ 1.5 سانتىمېتىر. بېشى 3 بۇرجەكلىك، كوكرەك ـ قوسساقلىرى قارا، مۇرەككەپ كوزى پۇلتىيىپ چىقىپ تۇرىدۇ، پۇتى 6، قانىتى 2 بولىدۇ، قانات ئىلاۋىدا سېرىق داغلار ۋە توغرا سىزىقلار بولىدۇ، پۇت بوغۇمىدا زەھەر بېزى بولۇپ، سېرىق رەڭلىك زەھەرلىك سۇيۇقلۇق ئىشلەپ چىقىرىدۇ (تېرىسگە تېگىپ كەتسە قاپارتىدۇ) (284 ـ رەسىمگە قارالسۇن).

**ياشاش ئورنى:** پۇرچاق گۈللىرىنى يېيىشكە ئامراق. كوپىرەك بۇيا، سېرىق پۇرچاق قاتارلىق پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئوسۇملۈكلەر ئارىسىدا بولىدۇ. [illegible] بار

**يىغىپ تەييارلاش:** دورا ئۇچۇن قوڭغۇزنىڭ پۇتۇن تېنى ئىشلىتىلىدۇ. ياز ۋە كۈز پەسلىدە ئەتىگەندە قولغا پەلەي كىيىپ

www.uyghurkitap.com

تۇتۇپ ياكى چەۋىن ئۇلتۇردىغان پالاق بىلەن ئۇرۇپ تۇتقاندىن كېيىن چوكا بىلەن قىسىپ خالتىغا سېلىش كېرەك. ئۇنى قايناۋاتقان سۇغا بېسىپ، ئۇلگەندىن كېيىن، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، خام ئىشلىتىلىدۇ ياكى بېشى، پۇتى ۋە قاناتلىرىنى ئېلىۋېتىپ، تاگزۇگزا گۇرۇچى بىلەن بىللە قورۇپ، گۇرۇچ سارغايغاندا ئېلىنسا، تەييارلانغان ئالا قوڭغۇز بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى ئاچچىق، تەبىئىتى سوغاق، زەھەرلىك! سىرتقا ئىشلەتسە، زەھەرلىك قۇرۇتلار چاققان يارىلارنى ساقايتىدۇ، ئىچىلسە قاننى ماڭغۇزۇپ، تۇگۇنلەرنى يېشىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** ( 1 ) غالجىر ئىت چىشلىگەندە: ئىشلەنگەن ئالا قوڭغۇزدىن 1 — 3 نى ئېلىپ سوقۇپ، سېرىق هاراق بىلەن ئىچىلىدۇ. ( 2 ) نېرۋ خاراكتېرلىك تېرە ياللۇغىدا، تەڭگىسىمان تەمرەتكىدە: ئالا قوڭغۇزدىن 20 نى، سەكسەن پۇتتىن 2 نى 250 مىللىلىتىر 5% لىق ئىسپىرتقا 3 كۈن چىلاپ، دورا شامىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئاغرىغان ئورۇنغا سۈرتۈلىدۇ.

**مىقدارى:** 1 — 2 فۇڭ. سىرتقا كوپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

**مەنئى قىلىنىشى:** هامىلدار ئاياللارغا ئىچىش مەنئى قىلىنىدۇ.

**قوشۇمچە:** رايونىمىزدا يەنە چوڭ ئالا قوڭغۇز (大虎斑芫青) ۋە ئالا چىپار قوڭغۇز (四点虎斑芫青) دىن ئىبارەت ئىككى خىل ئالا قوڭغۇز بار، بۇلارنىڭ شەكلى ئوخشىشىپ كېتىدۇ، بۇلارمۇ ئالا قوڭغۇز ئورنىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

# كوك مارال (كامچاتكا كوك مارالى)

## 景天 Jing tian

(كوك مارال ئائىلىسى، كوك مارال ئۇرۇغىدىكى)

**تونۇش:** (1) كوپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئېگىزلىكى 15-20 سانتىمېتىر. (2) يىلتىزسىمان غولى ئۇزۇن بولۇپ، يەر بېغىرلاپ شاخلىنىدۇ، غوللىرى كوپ، توپ ئۆسىدۇ. (3) يوپۇرمىقى نوۋەتلىشىپ ئۆسكەن، شەكلى تەتۈر تۇخۇمسىمان، سېپى قىسقا، گوشلۇك بولىدۇ. (4) كونۇس شەكىللىك چەكلىك كۆنلۈكسىمان گۈل رېتى بولۇپ، گۈلىنىڭ رەڭگى سېرىق، گۈل تاجى يوپۇرمىقى 5 تال بولىدۇ (285-رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۆسۈش ئورنى:** تاغ ئورمانلىرىدىكى تاش دوۋىلىرىدە ۋە قورام تاشلارنىڭ ئارىلىقلىرىدا ئۆسىدۇ. شىنجاڭنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىش تەييارلاش:** دورا ئۈچۈن پۈتۈن تېنى ئىشلىتىلىدۇ. بازدا يىغىۋېلىنىپ، ھول پېتى ئىشلىتىلىدۇ ياكى قايناقسۇغا بېسىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى سەل چۈچۈمەل، تەبىئىتى مۆتىدىل. قاننى توختىتىدۇ، تۇرۇپ قالغان قاننى ماڭدۇرىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** سەينەكتە ۋە نامەلۇم ئىششىقلاردا: كوك مارالدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قاينىتىپ سۈيى بىلەن يۇيۇلىدۇ.

**مىقدارى:** كوپرەك سىرتقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# چارپاقا شىرىسى

## 蟾酥 chan cu

چارپاقا تېرىسى (蟾蜍皮)

**يىغىپ تەييارلاش:** دورا ئۇچۇن قۇلاق ئارقىسىدىكى بېزى ۋە تېرە بېزىدىن ئىشلەنگەن ئاق شىرىلىك سۇيۇقلۇقى ۋە پاقا تېرىسى ئىشلىتىلىدۇ. پاقا كۆپرەك ئورۇنلاردا كەچتە چىراق يېقىلسا، پاقا يورۇققا كېلىدۇ. تۇتقاندىن كېيىن يۇيۇپ، قۇرۇتۇپ، بامبۇك قىسقۇچ بىلەن قىشنىڭ ئۇستۇنكى ئىككى تەرىپىنى ۋە دۈمبىسىدىكى قاپارتقۇنى بېسىپ، ئىشلەپچىقارغان سۇيۇقلۇقنى ئەينەكچىگە ياكى سىرلىق قاچىغا تېمىتىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ. بۇ قۇرۇتۇلغان پاقا شىرىسى دېيىلىدۇ. پاقىنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى، بېشىنى ۋە پۇتىنى ئېلىپ تاشلاپ، قۇم بىلەن سارغايغىچە قورۇپ، پاقا تېرىسى تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى ئاچچىقراق تاتلىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، زەھەرلىك؛ زەھەرنى ۋە ئىششىقنى قايتۇرىدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) زىڭقىدا: بىر دانە توخۇ تۇخۇمىنى پاقىنىڭ ئاغزىدىن ئۇنىڭ ئىچىگە سېلىپ، سىرتىنى قەغەز بىلەن ئوراپ، ئىككى پارچە خىشنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ، سىرتىنى بىر سۇڭ قېلىنلىقتا لاي بىلەن چاپلاپ، ئوچاقتا سېلىپ پۇشۇرۇپ، تۇخۇم پىشقاندىن كېيىن ئېلىپ يېيىلىدۇ. ئاندىن 2 سەر سېرىق هاراق ئىچىلىدۇ. (2) قۇرۇت يېگەن چىش ئاغرىغاندا، ئازراق قۇرۇتۇلغان پاقا شىرىسىنى ئېلىپ (تەڭ مىقتاردا قارىمۇچ قوشۇپ) پاختا بىلەن ئوراپ، ئاغرىغان چىشقا چىشلەيدۇ ياكى قۇرۇ-

تۇلغان پاقا شىرىسىنى قۇرۇت يېگەن توشۇككە سالسا بولىدۇ (ئاققان شولگەينى ژۇتىۋەتمەستىن، تۈكۈرۈۋېتىش كېرەك). (3) بارلىق قاپارتما، چىلە، دانىخورەكلەردە: ئىشلەنگەن چارپاقا تېرىسى 4 مىسقال، چۇچۇك بويا 1 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (4) بىرىڭلىق ئىششىقلاردا: بىر دانە هول چارپاقا تېرىسى ئاغرىغان ئورۇنغا چاپلىنىدۇ. (5) يۈرەك ئاجىزلىقتا ۋە بالىلاردىكى سوزۇلما خاراكتېرلىك ھەزىم قىلىشنىڭ بۇزۇلۇشىدا، راك كېسەللىرىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**مىقتارى:** 0.5 – 1 لى، دائىم كۆمۈلاچ دورىلار ئىچىگە سېلىپ ئىچىدۇ. سىرتقا مۇۋاپىق مىقتاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**مەنئى قىلىنىشى:** ھامىلدار ئاياللارغا ئىچىش مەنئى قىلىنىدۇ. كۆزگە كىرىپ كېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

## گۈلەمبىر (ئىلى گۈلەمبىرى)

### 飞燕草 Fei yan cao (伊犁飞燕草)

(ئېيىق تاپانلىقلار ئائىلىسى گۈلەمبىر ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** كوپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئېگىزلىكى 30 – 120 سانتىمېتىر، پۈتۈن تېنىدە ئاق تۈكلەر بولىدۇ. (2) يوپۇرمىقى نوۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، ئالقانسىمان يېرىلىدۇ، يېرىنچە يوپۇرماقلىرىدا رەتسىز كەمتۈكلەر بولىدۇ. (3) گۈلى كوك بولۇپ، شەكلى ئۇچۇۋاتقان قۇشقا ئوخشايدۇ. مېۋىسى ئوپچە مېۋە (286-رەسىمگە قارالسۇن)

**ئۆسۈش ئورنى:** ئورمانلاردا، تاغ باغرىدىكى نەم يەرلەردە ئۆسىدۇ. شىنجاڭنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورا ئۈچۈن پۈتۈن تېنى ئىشلىتىلىدۇ. يازدا ياكى كۈزدە يىغىپ ئېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى قېرىق، تەبىئىتى سوغاق، زەھەرلىك؛ ئوت ئىسسىقنى بېسىپ، ئاغرىق توختىتىدۇ، قۇرۇتلارنى ئۆلتۈرىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) ئىسسىق يەلدىن بولغان چىش ئاغرىشتا: گۈلەمبىردىن 5 فۇڭ ـ 1 مىسقال ئېلىپ، قاينىتىپ ئېغىز چايقىلىدۇ. يۇتۇۋېتىشكە بولمايدۇ. (2) پىتنى يوقىتىشتا: گۈلەمبىردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قاينىتىپ يۇيۇلىدۇ.

**مىقدارى:** كۆپىنچە سىرتقا ئىشلىتىلىدۇ.

# گۈڭگۈرت

## 硫黄 Liu huang

**تونۇش:** بۇ بىر خىل گۈڭگۈرتلۈك مەدەن، ۋەزنى يېنىك، ئالاھىدە سېسىق پۇرىقى بار. ئادەتتە ئۇچرايدىغانلىرى كومۇلاچ شەكلىدە، ئۇزۇن مۇنچاق شەكلىدە بولىدۇ. رەڭگى سېرىق، ساغۇچ كۆلرەڭ، قوڭۇر ۋە قارا بولىدۇ. كىرىستال يۈزى يالتىراق، يېرىم سۈزۈك كېلىدۇ. قول بىلەن چىڭ سىقىملاپ، قۇلاققا ئاپىرىپ تىڭشىسا، يېنىك ھالدىكى پارتلاش ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ.

**تارقىلىشى:** كۆپىنچە ئارشاڭلار، ئۇرغۇپ چىقىدىغان بۇلاقلار ۋە ۋولقان ئېغىزلىرى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئۇچرايدۇ. شىنجاڭنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىش تەييارلاش:** پۈتۈن يىلنىڭ ھەممە ۋاقىتلىرىدا ئېلىشقا بولىدۇ. بۇنى تومۇر قازانغا سېلىپ، قىزدۇرۇپ ئېرىتىش بىلەن ئارىلاشما ماددىلارنى چىقىرىۋېتىپ، ئۈستىكى قەۋەتتىكى گۈڭگۈرت ئېرىتمىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، سوۋۇتقاندىن كېيىن سوقۇپ پارچىلايدۇ.

بۇ، خام گۈگگۈرت بولۇپ، كوپرەك سىرتقا ئىشلىتىلىدۇ. خام گۈگ-
گۈرتنى سوقۇپ، ئۇششاق پارچىلاپ، سۇ قوشۇپ، دۇفۇ (ھەر 10 جىڭ
گۈگگۈرتقا 20 جىڭ دۇفۇ قوشۇلىدۇ) بىلەن قايىنىتىلسا، گۈگگۈرت
ئېرىيدۇ. دۇفۇ قارىيىپ لەيلىمگەندە ئېلىۋېتىپ، گۈگگۈرت سالقىن يەردە
سوۋۇتۇلسا، ئىشلەنگەن گۈگگۈرت بولىدۇ. بۇ، ئىچىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى چۈچۈمەل، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، زەھەر-
لىك؛ سوغاقنى تارقىتىدۇ، قۇرۇتلارنى ئۆلتۈرىدۇ، تەرەتنى راۋان
قىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى** (1) ئاق خۇندا: گۈگگۈرت، جەمبىل
ھەر بىرسىدىن 3 مىسقال ئېلىپ، سۇدا قايىنىتىپ ئىچىلىدۇ.
(2) قوتۇردا، چاقىدا ۋە سوزۇلما تەمرەتكىدە: زەرنىخ 50
فۇڭ، سۇسىز زەمچە 25 فۇڭ، گۈگگۈرت 25 فۇڭ، ھەممىسىنى
يۇمشاق سوقۇپ، گۈنجۈت يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ چېپى-
لىدۇ. (3) نېرۋ خاراكتېرلىك تېرە ياللۇغىدا، شاپاق يارىسىدا
ۋە ھول تەمرەتكىدە: زەرنىخ، رەۋەن، گۈگگۈرتلارنىڭ ھەر بىرىدىن
تەڭ مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردا
ۋازېلىن ئارىلاشتۇرۇپ، مەلھەم قىلىپ، ئاغرىغان ئورۇنغا سۈرتۈلىدۇ.
(4) سوغاقتىن ئىچى سۈرۈشتە ۋە قەۋزىيەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

**مىقتارى:** 0.5 - 2 مىسقال.

**مەنئى قىلىنىشى:** گۈگگۈرتنى تازىلانغان شور ۋە سۇسىز
شور بىلەن بىرگە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مىڭ يوپۇرماق

## 千叶蓍 Qian ye ji

(مۆرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسى، مىڭ يوپۇرماق ئەۋلادى)

**تونۇش:** (1) كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئېگىزلىكى 30 – 80 سانتىمېتىر. (2) يەر ئاستى غولى توغرىسىغا ئۆسىدۇ. ئۇرغۇنلىغان خومارەك چاچما يىلتىزلىرى بار. غولى تىك، ئۈزۈنىسىغا ئېرىقچىلىرى بار، قىسقا، يۇمشاق تۈكلەر بىلەن قاپلانغان. (3) يوپۇرمىغى نۆۋەتلىشىپ ئۆسكەن، سېپى يوق، يىپسىمان تېمىنە شەكىلدە، 1 – 2 قايتىلانغان پەيسىمان يېرىلغان. ھەر بىر يېرىقچە يوپۇرماقچىلىرىنىڭ شەكلى يىپسىمان بولىدۇ. (4) گۈل رېتى باش- سىمان بولۇپ، ئۇچىدا ئۆسىدۇ، كوپلىگەن ئۇششاق گۈللىرى توپلى- شىپ ئۆسىدۇ. گۈلى ئاق ياكى سۇس بېغىرەك، ئۇرۇق مېۋىسى ياپىلاق، قاناتلىق بولىدۇ (287 – رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۆسۈش ئورنى:** تاغ باغرىدىكى نەم چىمەنلىكلەردە، ئېرىق – ئۆستەڭ بويلىرىدا ئۆسىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورا ئۈچۈن يەر ئۈستى قىسمى ئىش- لىتىلىدۇ. ياز پەسلىدە يىغىۋېلىپ، كېسىپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى قىرىق ئاچچىق، تەبىئىتى موتىدىل، زەھەرسىز. زەھەرنى تارقىتىپ، ئىششىقنى ياندۇرىدۇ، قاننى جانلاندۇرىدۇ، قان توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) ئۈرۈلۈپ – سوقۇلۇپ زەخىملىنىش، ئۆ- نۈك، رىماتىزىملاردا: ھول مىڭ يوپۇرماقتىن مۇۋاپىق مىقتاردا ئېلىپ، ئۇنىڭغا خام زەنجىۋىلدىن ئازراق قوشۇپ، بىرلىكتە سوقۇپ، ھاراق

ىلەن قوشۇپ قىزىتىپ، تېسەل ئۇرۇنغا سۇركىلىدۇ. (2) كانايچە يالىلۇغى، بادامسىمان بەز يالىلۇغى، ئاغرىتىپ كەلگەن ھېيىز، قان تۈكۈرۈش، قان قۇسۇشلاردا: مەك يوپۇرماق 5 مىسقال، سۇدا قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (3) زەھەرلىك ئىلان چاققاندا: مەك يوپۇرماق 1 سەر، سۇدا قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھول مەك يوپۇرماقنى سوقۇپ، ئاغرىق جايغا چاپلىنىدۇ.

**مىقتارى:** 0.5 - 1 سەر، سىرتقا مۇۋاپىق مىقتاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**قوشۇمچە:** رايونىمىزدا يەنە سىبىرىيە مەك يوپۇرمىغى بولۇپ، (Achillea sibirica Ice西伯利亚蓍) بۇنىڭ خۇسۇسىيىتى مەك يوپۇرماق بىلەن ئوخشايدۇ، بۇ مەك يوپۇرماق ئورنىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

# مارال قۇلاق

## 藜芦 Li lu

**باشقا ئاتىلىشى:** خەربەق

(پىياز ئاتىلىسى، مارال قۇلاق ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** (1) كوپ يىللىق، سامان غوللۇق ئوسۇملۇك، ئېگىزلىكى 0.5 - 1 مېتىر. (2) يەر ئاستى قىسمى سۇكچىياز يىلتىزىغا ئوخشايدۇ. چاشما يىلتىزلىرى توم قىسقا، سېرىق بولىدۇ. غولى تىك تۈۋرۈكسىمان بولىدۇ. (3) يوپۇرمىغى نوۋەتلىشىپ ئۆسكەن، شەكلى كەڭ تۇخۇمسىمان ۋە كەڭ تۇخۇمسىمان تىپىنە شەكلىدە تولۇق گىرۋەكلىك بولىدۇ، يوپۇرماق تۈۋى تارىيىپ، تۈۋەنگە سوزۇلۇپ، غولنى غىلاپ شەكلىدە ئوراپ تۇرىدۇ. (4) گۈل رېتى چوڭ

www.uyghurkitap.com

كونۇسسىمان بولۇپ، گۈلى قولتۇقىدا ياكى ئۇچىدا ئۇسىدۇ. گۈلىنىڭ رەڭگى سېرىق (288 - رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۇسۇش ئورنى:** تاغ باغرىدىكى نەم چىمەنلىكلەردە، ئورمانلىق ئىچىدە ئۇسىدۇ. ئالتاي، تارباغاتاي قاتارلىق رايونلاردىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورا ئۈچۈن يىلتىزى ياكى پۈتۈن ئۇسۇملۇكى ئىشلىتىلىدۇ. يازدا گۈلى ئېچىلىشتىن ئاۋۋال قېزىپ يىغىۋېلىپ، پاكىزلاپ، كېسىپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى ئاچچىغىراق تاتلىق، تەبىئىتى سوغاق، زەھەرلىك! قۇستۇرىدۇ، قۇرۇتلارنى ئۆلتۈرىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) قاتما كېسەلدە: مارال قۇلاق، سۇتلۇك ئوتدىن تەڭ مىقتاردا ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، توقاچ قىلىپ، زەخىملەنگەن ئورۇنغا چاپلىنىدۇ (دورا چاپلانغاندىن كېيىن ئاغرىقنىڭ قوسىقى غۇلدۇرلىسا، پايدا قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ). (2) باش تەمرەتكىسى ۋە بەدەن تەمرەتكىسىدە: مارال قۇلاق 2.5 مىسقال، بۇۋانە 3 مىسقال، تۇخۇمەك شېخى 3 مىسقال، شور 3 مىسقال ئېلىپ، قايىنىتىپ، شامىسىنى ئېلىۋېتىپ، زەرنىختىن 3 مىسقال قوشۇپ ئاغرىغان ئورۇن يۇيۇلىدۇ. (3) قۇرۇت يېگەن چىش ئاغرىغاندا، مارال قۇلاق تالقىنى قۇرۇت يېگەن توشۇككە سېلىنىدۇ. (4) پىت، پاشا ۋە چىۋىننى يوقىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ. (5) يىقىلىپ - ئورۇلۇپ زەخىملىنىش، رېماتىزىم ئاغرىشلاردا: مارال قۇلاق يىلتىزىنى سوقۇپ، ھەر قېتىم 0.2 فۇڭدىن (تەخمىنەن 50 مىللىگرام ئەتراپىدا) كۈنىگە 3 قېتىم قايناقسۇ بىلەن ئىچىلىدۇ (دورا ئىچىش مەزگىلىدە لازا، كوكتات قاتارلىقلار مەنئى قىلىنىدۇ. زەھەرلەنگەندە، بېشى قېيىش، قۇسۇش،

قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ھـول بەيسەينى خام يىسە ياخشىلىنىدۇ).

**مىقتارى:** 0.5 — 1 مىسقال.

**مەنئى قىلىنىشى:** مارال قۇلاقنى رىنشەن قان تېپەر، شىقىلداق، قامچا ئوت، چەرل يالپۇزى يىلتىزى، چوقا، كۈشەن ئوتى، ئاسارۇن، ئاق چوغلۇقلار بىلەن بىللە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

# ئابدىمىلىك ئۇرۇغى

## 蓖麻子 Bimazi

(蓖麻叶) ئابدىمىلىك يوپۇرمىغى

**باشقا ئاتىلىشى:** ئىنەك پىتى

**يىغىپ تەييارلاش:** دورا ئۈچۈن ئۇرۇغى (ئـابدىمىلىك ئۇرۇغى) ۋە يوپۇرمىغى (ئابدىمىلىك يوپۇرمىغى) ئىشلىتىلىدۇ. كۈز پەسلىدە ئۇرۇغىنى ئېلىپ، شاكىلى ۋە ئارىلاش نەرسىلەرنى چىقىرىۋېتىپ، ئـاپتاپتا قۇرۇتىلىدۇ. يوپۇرمىغى يازدا يىغىۋېلىنىپ ھول ياكى ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى تاتلىغىراق ئاچچىق، تەبىئىتى موتىدىل، ئازراق زەھەرلىك؛ ئىششىقنى ياندۇرىدۇ، زەھـەرنى تارتىدۇ، يىرىڭنى چىقىرىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) لىمفا سىلىدە: ئابدىمىلىك ئۇرۇغى 6 دانە، ياز غـازىڭى 6 مىسقـال، قـوشـۇپ 2 سائـەت قاينىتىپ، ئابدىمىلىك

ئۇرۇغى يېيىلىدۇ، سۈيى 3كە بولۇپ ئىچىلىدۇ. (2) قۇتۇردا: ئابدىمىلىك يوپۇرمىقىنى سۇدا قاينىتىپ كېسەل ئورۇن يۇيىلىدۇ.
(3) تۇغۇتنى تېزلىتىشتە: قىزىل غولىلۇق ئابدىمىلىك يوپۇرمىقىنى ئېزىپ، ئىككى تاپاننىڭ ئوتتۇرىسىغا قويىلىدۇ ياكى ئابدىمىلىك ئۇرۇغىنى، (شاكىلىنى ئېلىۋېتىپ) ئېزىپ خېمىر قىلىپ، لاتىغا يېيىپ ئىككى تاپاننىڭ ئوتتۇرىسىغا چاپلىنىدۇ، تۇغۇتتىن كېيىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ. (4) يۈز نېرۋ پالەچلىگەندە: ئابدىمىلىك ئۇرۇغىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئېزىپ، كونا ئاچچىقسۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئاغرىغان ئورۇنغا (يانغا) چاپلىنىدۇ. (5) بالىياتقۇ تۆۋەنلەپ كېتىشتە: ئابدىمىلىك ئۇرۇغىدىن 20—25 تال ئېلىپ ئېزىپ، ئاق قەغەزگە يېيىپ، ئاغرىقنىڭ بەيخۇي پەللىسى (ياكى كىندىك ئاستىدىكى گۇەن يۈەن) گە چاپلىنىدۇ. بالىياتقۇ يىغىلىپ يۇقۇرلىغاندىن كېيىن دورا ئېلىپ تاشلىنىدۇ.

**مىقتارى:** سىرتقا مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

# لازا

## 辣椒 Lajiao

**باشقا ئاتىلىشى:** قىزىلمۇچ

**يىغىپ تەييارلاش:** دورا ئۇچۇن مېۋىسى ئىشلىتىلىدۇ. پىشقاندا ئۈزۈپ ئاپتاپتا قۇرۇتىلىدۇ، لازىنىڭ غولىمۇ دورا قىلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى ئاچچىق، تەبىئىتى ئىسسىقتا مايىل، زەھەرسىز. دەلنى، جىقىرىب، سوغاقنى، تارقىتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) قايىرىلىپ زەخىملىنىش ياكى سوزۇلۇپ زەخىملىنىشتە (تېرىسى تېتىلمىغاندا): لازىدىن 1 سەر (ئۇرۇقىنى

ئېلەۋېتىپ) ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ 5 سەر ۋازىلىن بىلەن ئارىلاشـ تۇرۇپ مەلھەم قىلىپ، ئاغرىغان ئورۇنغا چاپلىسا بولىدۇ. (2) ئۇشىشۇكـ نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاشتا (ئىششىپ ئاغرىغان لېكىن يارىلانـ مىغاندا): 1 - ئۇسۇل لازا غولىدىن 3 تۇپ، چەيزە غولىدىن 3 تۇپ كوك كاۋا شۇيىگىدىن 1 سەر، قاينىتىپ يۇيۇلىدۇ. 2 - ئۇسۇل ئۇۋاق لازىنى مايدا پىشۇرۇپ ئاغرىغان ئورۇنغا سۇرتۇلىدۇ. 3 - ئۇسۇل ھول لازىدىن 5 تالنى يېرىم جىڭ 70% لىك ئىسپىرتقا (ئادەتتىكى ئاق ھاراقمۇ بولىدۇ) چىلاپ، ئاغرىغان ئورۇنغا سۇركىلىدۇ. (3) رېماتىـ زىملىق بوغۇم ياللۇغىدا: لازىدىن 20 دانـە، كـاۋاۋىچىن 1 سەر، ئالدى بىلەن كاۋاۋىچىنـى سۇدا قاينىتىپ، بىر قانچە منوت قايـ نىغاندىن كېيىن لازىنى سېلىپ، يومشىغىچە قاينىتىپ، ئاندىن لازىنى ئېلىپ يېرىپ، ئاغرىغان ئورۇنغا چاپلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن سۇيى بىـ لەن ئىسسىق ئوتكۇزىلىدۇ. يەنە بىر ئۇسۇل: قۇرۇق لازا يىلتىزىدىن 1—2 سەر، سۇدا قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (4) ئاشقـازان ئاغـرىغاندا: قۇرۇق لازا يىلتىزى 4 سەر، چوڭ چىلان 10 دانە، سۇدا قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (5) ساقايماس جـاھىل تەمرەتكىلەردە: لازىنىـڭ ھول يوپۇرمىقىنى ئېزىپ لاتىغا ئوراپ، كېسەل جايغا سۇركىلىدۇ.

**مىقدارى:** 1—3 مىسقال. سىـرتقا مـۇۋاپىـق مىـقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

ئەسكەرتىش: لازىنىڭ تۇرى كوپ، كوك لازا بىلەن قاپاق لازا دورا ئورنىدا ئىشلىتىلمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم تارقىتىش

# چاكا مۇخ

## 蓬子菜 Peng zi cəi

(رويان ئائىلىسى، چاكا مۇخ ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** (1) كوپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئېگىزلىكى 30 – 50 سانتىمېتىر. (2) غولى تۈپلىشىپ ئۆسكەن، 4 قىرلىق، بوغۇمى روشەن بولىدۇ. (3) يوپۇرماقلىرى ئايلانما بولۇپ ئۆسىدۇ، ھەر بىر ئايلانمىدا 4 – 8 گىچە يوپۇرماق بولىدۇ. سېپى بولمايدۇ. يېيىلىپ تۇرىدۇ ياكى توۋەنگە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. (4) گۈل رەڭگى كونۇسسىمان، گۈلى كىچىك، رەڭگى سارغۇچ ئاق ياكى سېرىق (289 – رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۆسۈش ئورنى:** چىمەنلىكلەردە، تاغ باغرىلىرىدا، ئورمان بويلىرىدا ئۆسىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورا ئۈچۈن پۈتۈن ئۆسۈملىكى ئىشلىتىلىدۇ. يازدا ۋە كۈزدە يىغىۋېلىپ، ھول ياكى ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ كېسىپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى قىرىق، سەل ئاچچىق، تەبىئىتى سوغاق، زەھەرسىز. قاننى جانلاندۇرۇپ، تۇرۇپ قالغان قانلارنى چىقىرىدۇ، زەھەرنى كېسىپ، ئىششىقنى ياندۇرىدۇ، سۈيدۈكنى راۋان قىلىدۇ، قىچىشىشنى باسىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) ئۆتكۈر ئىشەك يەممىدە، (2) چاقىلاردا: ھول چاكا موخنى ئېزىپ، سۈيى سۇرتۇلىدۇ ياكى سۈيۈق مەلھەم قىلىنىپ سىرتقا ئىشلىتىلىدۇ.

**مىقدارى:** 1 – 3 مىسقال. سىرتقا مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

# سوپۇن دەرەخ مېۋىسى (سوپۇن دەرىخى)

## 皂荚 Zao jia

سوپۇن دەرەخ تىكىنى (皂角刺)

(پۇرچاق ئائىلىسى، سوپۇن دەرىخى ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** (1) ئىگىز، يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. (2) ئاساسى غولى ۋە شاخلىرىدا شاخلانغان توم تىكەنلىرى بولىدۇ، كىچىك تىكەنلىرى چوڭ تىكەننىڭ تۆۋەن قىسمىدا ئۇدۇل ئۆسىدۇ، كورۇنۇشى سەل يانتۇ + شەكلىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. (3) يوپۇرمىغى نوۋەتلىشىپ ئۆسكەن، جۈپ سانلىق ئىككى قايتىلانغان پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرماقلىرىنىڭ شەكلى تۇخۇمسىمان، تولۇق گىرۋەكلىك (4) ئۇمۇم گۈل رېتى قولتۇغىدا ئۆسىدۇ، گۈلى مۇرەككەپ جىنسلىق، رەڭگى سۇس سېرىق بولىدۇ. قاسراقلىق مېۋىسى چوڭ ياپىلاق بولۇپ، يېرىلمايدۇ. ئۇرۇغى كوپ بولىدۇ (290 - رەسىمگە قارالسۇن).

**تارقىلىشى:** كوپىنچە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورا ئۈچۈن غول ۋە شاخلىرىدىكى توم تىكەنلىرى (سوپۇن دەرەخ تىكىنى)، مېۋىسى (سوپۇن دەرەخ مېۋىسى) ئىشلىتىلىدۇ. مېۋىسىنى كۈز پەسلىدە پىشقاندا ئېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ. سوپۇن دەرەخ تىكىنىنى يىلنىڭ ھەممە ۋاقتىدا ئېلىشقا بولىدۇ (لېكىن باھاردا ۋە كۈزدە ئالغان ياخشى) ئۇنى ھول ۋاقتىدا نېپىز ياپىلاق كېسىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** مېۋىسى: تەمى ئاچچىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل،

ئازىراق زەھەرلىك! بەلغەم بوشىتىدۇ. سوپۇن دەرەخ تىكىنى: تەمى ئاچچىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز. تۇگۇنلەرنى تارقىتىدۇ، ئىششىقنى ياندۇرىدۇ، يارىنى قاتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) چىقانىنىڭ دەسلەپكى ۋاقتىدا قىزىرىپ، ئىششىپ ئاغرىغاندا: مامكاپ 4 سەر، قىزىل چوغلۇق 2 سەر، سوپۇن دەرىخى تىكىنى 5 مىسقال، خام چۈچۈكبويا 3 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. (2) ھەر خىل كاژ تەمرەتكىلەردە: سوپۇن دەرخ تىكىنىدىن يېرىم جىڭنى بىر قاچا كونا ئاچچىقسۇغا چىلاپ، 3 كۈندىن كېيىن 20 مىنۇت قاينىتىپ. ئاندىن سوپۇن دەرەخ تىكىنىنى چىقىرىۋېلىپ، سوۋۇتۇپ، قۇرۇتۇپ، يۇمشاق سوقۇپ، سۇ ماي بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، بىر كۈندە بىر قېتىمدىن ئاغرىغان ئورۇنغا چېپىلىدۇ. (3) لىمفاسىلىدە: نوشۇدۇر 2 مىسقال (يۇمشاق سوقۇلغان)، سوپۇن دەرەخ ئۇرۇغىدىن 100 تال ئېلىپ بىر جىڭ ئاچچىقسۇغا 3 كۈن چىلاپ، ئاندىن قۇم ساپال قاچىدا قاينىتىپ، قاچا تېگىدىكى نوشۇدۇرنى ئۇزلۇكسىز ئارىلاشتۇرۇپ، سوپۇن دەرەخ ئۇرۇغىنىڭ ئۇستىگە چىقىرىپ تۇرۇش كېرەك. ئاچچىقسۇ قايناپ تۈگىگەندە، سوپۇن دەرىخى ئۇرۇغىنى ئاستا قىزدۇرۇپ قۇرۇتۇپ، ھەر كۈنى 5 ـ 8 تال، چايناپ ئېزىپ قايناقسۇ بىلەن ئىچىلىدۇ. (4) ئىسسىق ئوتۇپ ئايلىنىپ كېتىشتە: سوپۇن دەرەخ تىكىنى 2 مىسقال، ئاسارون 2 مىسقال، كامفوردىن 5 فۇڭ ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، ئۇنىڭدىن ئازىراق ئېلىپ بۇرۇن بوشلۇقىغا سېپىلىدۇ.

**مىقدارى:** سوپۇن دەرەخ مېۋىسى 0.5 ـ 1.5 مىسقال، سوپۇن دەرەخ تىكىنى 1 ـ 3 مىسقال.

**مەنئى قىلىنىشى:** ھامىلدار ئاياللارغا ئىچىش مەنئى قىلىنىدۇ.

**قوشۇمچە:** جۇڭگو سوپۇن دەرىخى (Gleditsia 中国皂荚 sinensis) بۇنىڭ ئالاھىدىلىكى يوپۇرمىقى بىر قايتىلانغان جۈپ سانلىق پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرماقچىلىرى 4 - 7 جۈپ بولۇپ ئۇسىدۇ، شەكلى تۇخۇمسىمان تىمىنە شەكىلدە بولىدۇ. تىكىنى شاخلىنىدۇ، كىچىك تىكىنى چوڭراق بولۇپ، ئۇدۇل ئۇسىدۇ. تىكىنى ۋە مېۋىسىمۇ دورا ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

# قىزىل گەج

## 寒水石 han shui shi

**تونۇش:** رەتسىز ياپىلاق كالىلەك ھالەتتىكى مەدەن بولۇپ، رەڭگى ھال، يالتىراق، يان تەرىپىدە ئۇزۇنىسىغا سىزىقچىلىرى بار، قاتتىق چۇرۇك بولىدۇ.

**تارقىلىشى:** ئادەتتە ھاك تېشى، سېغىز توپا، تۇزلۇق رودىلار بىلەن بىللە بولىدىغان تەبىي كالتسىي سۇلفاتلىق مەدەن. بۇ، تيانشان، كوئىنلۇن، ئالتاي قاتارلىق تاغلىق رايونلاردىن تېپىلىدۇ.

**يىغىش تەييارلاش:** يىلنىڭ ھەممە مەزگىلىدە ئېلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭ توپىلىرىنى تازىلاپ، پاكىزە يۇيۇپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، خام ياكى پىشۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىتى:** تەمى تۇزلۇقراق ئاچچىق، تەبىتى سوغاق، زەھەرسىز، ئىسسىقنى قايتۇرۇپ، ئوت ئىسسىقنى باسىدۇ. ئۇسسۇزلۇقنى توختىتىپ، بىزارامىلىقنى يوقىتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) ئىسسىقتىن ئاغرىپ، ئۇسساپ بىئارام بولۇشتا: قىزىل گەج 3 مىسقال، كوك سېغىز 6 مىسقال، چۈچۈك بويا 1 مىسقال، قومۇچ يىلتىزى 5 مىسقال، قىزىل مېۋىلىك شاقا

قول 3 مىسقال، قايناتىپ ئىچىلىدۇ. (2) يىرىڭلىق ئىششىقلاردا، يىرىڭلىق جاراھەتتە، مۈرىگە چىقىدىغان ياردا، كۆيۈك يارىسى ۋە سۈت بېزى ياللۇغىدا: قىزىل گەج 2.4 سەر، جاڭدەن 5 مىسقال، بىڭپىيەن 3 مىسقال، سېرىق موم 4.8 مىسقال، كۈنجۈت يېغى 3 مىسقال ئېلىپ، ئالدى بىلەن كۈنجۈت يېغىنى قىزىتىپ، ئۇنىڭغا سېرىق مومنى سېلىپ ئېرىتىپ، قالغان دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ سالىدۇ، ئاندىن لاتىغا يېيىپ ئاغرىق ئورۇنغا چاپلىنىدۇ.

**مىقدارى:** 1.5 – 3 مىسقال.

**قوشۇمچە:** كالتسىت (方解石) تەبىئىي ھالدىكى كالتسىي كاربوناتلىق مەدەن. كىرىستاللىق تۈۋرۈكسىمان، تاختىسىمان بولىدۇ. كۆپىنچە رەڭسىز ياكى سۈت رەڭ كېلىدۇ لېكىن تەركىبىدە بەزى ئارىلاشمىلار بولغانلىقتىن ھەر خىل رەڭلىك بولىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ. ئەينەككە ئوخشاش يالتىرايدۇ. كالتسىيلىق قورام تاشلىق تاغ ئۆڭكۈرلىرى ۋە ئارشاڭ ئەتراپىدىكى چۆكمە جىنىسلاردا، مېتال كان تومۇرلىرىدىن تېپىلىدۇ. رايونىمىزدىن كۆپ چىقىدۇ. بۇمۇ قىزىل گەج ئورنىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

# قىغ قوڭغۇزى

## 蜣螂 Qiang lang

**باشقا ئاتىلىشى:** تېزەك قوڭغۇزى، تولۇقچى قوڭغۇز

**تونۇش:** تېنى قارا، ئۇزۇنلۇقى 3 – 4 سانتىمېتىر. باش قىسمى ياپىلاق، دۈمبە قىسمىدا دوغرىسىغا كەتكەن قىرلىرى بولۇپ، قاسراقلىق قانىتى بار. كېچىدە چىراق يورۇقىغا ئامراق. ئەركەك قوڭغۇزنىڭ باش قىسمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تال قىسقا بۈرۈتچىسى،

ئالدىنقى كوكرىگىنىڭ ئۇچىدا ئوڭ ۋە سولدا ئىككى تال قىسقا بۇرۇتى بولىدۇ. چىشى قوڭغۇزدا بۇرۇتچە بولمايدۇ.

**ياشاش ئورنى:** قىغ دوۋىلىرىنى ياكى دوۋىلەرنىڭ ئاستىدىكى يەرنى كولاپ ماكان قىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە بولىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** دورا ئۈچۈن ئەركەك قوڭغۇز ئىشلىتىلىدۇ. يازدا ۋە كۈزدە تۇتۇپ، تازىلاپ قايناقسۇغا بېسىپ ئۆلتۈرۈپ ئوتتا قاخلاپ قۇرۇتۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى تۇزلۇق تەبىئىتى سوغاق، زەھەرلىك! زەھەرنى تارقىتىپ ئىششىقنى قايتۇرىدۇ. چوچۇشنى توختىتىپ تەرەتنى ماڭغۇزىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) چوڭ - كىچىك تەرەت راۋان بولماسلىقتا: قىغ قوڭغۇزىنى ئاستا قىزدۇرۇپ، سارغايتىپ، يۇمشاق سوقۇپ ھەر قېتىمدا 5 فۇڭ كۈنىگە بىر قېتىم قايناقسۇ بىلەن ئىچىلىدۇ. (2) باللاردىكى تارتىشمىشتا: قىغ قوڭغۇزىدىن بىر دانە، قايىنتىپ ئىچىلىدۇ. (3) بۇۋاسىر ئاقمىسىدا چاقا ۋە چىقاندا: قىغ قوڭغۇزىدىن مۇۋاپىق مىقتاردا ئېلىپ، سۇس ئوتتا قىزدۇرۇپ قۇرۇتۇپ، يۇمشاق سوقۇپ، بىڭپىيەندىن ئازراق قوشۇپ، كۈنجۈت يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، كېسەل ئورۇنغا تېڭىلىدۇ.

**مىقتارى:** 3 - 8 فۇڭ.

## زەمچە

## 白矾 Bai fan

**باشقا ئاتىلىشى:** سۇمۇق.

**يىغىپ تەييارلاش:** خام ماكى كويدۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ. زەمچىنى ساپال قاچىغا سېلىپ، قىزدىتىپ كويدۇرۇپ سۈيىنى زاندۇرۇلغاندىن كېيىن، سۇسىز زەمچە دېيىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

**تەبىئىتى:** تەمى چۈچۈمەل، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز. ھۆللۈكنى قۇرۇتۇپ، قىچىشىشنى باسىدۇ، قورۇيدۇ. قۇرۇتلارنى ئۆلتۈرىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) بەلغەم كۆپ بولۇپ چىقمىسا، گالدىن ھەرە تارتقاندەك ئاۋاز چىققاندا: زەمچە، سوپۇن دەرىخى تىكىنى ۋە چۈچۈكبۇينىنىڭ ھەر قايسىسىدىن 1 مىسقال، بەنشادىن 2 مىسقال، قاينىتىپ ئىچىلىدۇ. ئىچىپ بولغاندىن كېيىن تىلىنى بېسىپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ. (2) تۇتقاقلىقتا: زەمچە 2 سەر، چاي تالقىنى 4 مىسقال ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، چىكىلدەنگەن ھەسەل بىلەن كۆمۈلاچ ياساپ، كۈنىگە 2 قېتىم ھەرقېتىمدا 2 مىسقالدىن يېيىلىدۇ. (3) سىرتقى يارىلىنىشتىن قان ئاققاندا: خام ۋە سۇسىز زەمچىنىڭ ھەربىرىدىن 1.5 سەر، دىۋىرقايدىن 7 سەر ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، جاراھەتكە سېپىلىدۇ. (4) شاپاق يارىسىدا: سۇسىز زەمچىدىن 5 مىسقال، خۇاڭبۇ 2 مىسقال، ھىندى ئوسمىسى 1 مىسقال ئېلىپ، سوقۇپ سۇمايغا قوشۇپ چېپىلىدۇ. (5) بالىياتقۇ تۆۋەنلەپ كەتكەندە (1 - 2 - دەرىجىلىك تۆۋەنلەپ كېتىشتە): 2 مىسقال زەمچىنى يۇمشاق سوقۇپ، لاتىغا يۆگەپ بالىياتقۇ بوينىغا تىقىپ، ئۈستىدىن پاختا ياكى داكا بىلەن مەھكەم قاپلاپ قويۇلىدۇ. كۈن ئارىلاپ يۆتكەپ تۇرۇلىدۇ، 6 قېتىم يۆتكىلىشى بىر داۋالاش مۇددىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 3 - دەرىجىلىك تۆۋەنلەپ كېتىشتە: 20 مىللىمېتىر 80% لىك زەمچە ئۇكۇل ئېرىتمىسىگە 2% لىك نوۋۇكايىن ئېرىتمىسىدىن 4 مىللىلىتىر قوشۇپ، كەك تاراموچىنىڭ سىرتقى $\frac{1}{3}$ قىسمىغا ئۇكۇل قىلىنىدۇ.

(6) پۇت تەرلەشتە: زەمچە ۋە قۇرۇق زەنجىۋىلدىن باراۋەر مىقتاردا ئېلىپ، سۇدا قاينىتىپ، كۈنىگە بىر قېتىم پۇت يۇيۇلىدۇ. 5 قېتىم يۇيۇش بىر داۋالاش مۇددىتى بولىدۇ.

**مىقدارى:** 3 - 5 مىسقال. سىرتقا مۇۋاپىق مىقتاردا ئىشلىتىلىدۇ.

# نوشۇدۇر

## 白硇砂　　Bai nao sha

**تونۇش:** بۇ ئاممونىي خىلور مەدىنى بولۇپ، ئاق كىرىستال، دانىسىمان ياكى پارچىلاردىن ئىبارەت پاقىراق ماددا.

**چىقىش ئورنى:** يانار تاغ ئەتراپلىرىدىن تېپىلىدۇ. يانار تاغدىن ئېتىلىپ چىققان ماددىلاردىن هاسىل بولىدۇ. يېقىنقى زاماندىن بېرى كۆپىنچە سۈنئى بىرىكمە هالدا ياسالماقتا.

**يىغىپ تەييارلاش:** يىلنىڭ هەممە ۋاقتىدا يىغىۋېلىشقا بولىدۇ. قېزىۋېلىنغاندىن كېيىن، يات ماددىلارنى تازىلاپ چىقىرىۋېتىپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىتى:** تەمى ئاچچىق - قېرىقراق تۇزلۇق، تەبىتى ئىسسىققا مايىل، زەهەرلىك! تۈگۈنلەرنى بۇزۇپ، توسالغۇلارنى تارقىتىدۇ، بەلغەم يۇمشىتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) قوساقتا قاتتىق مونەك بولغاندا: نوشۇدۇرنى يۇمشاق سوقۇپ، پىشۇرۇلغان چۇژگۈن قوناق بىلەن كۇمۇلاچ ياساپ، كۈنىگە 2 قېتىم هەر قېتىمدا 3 فۇڭدىن يېيىلىدۇ. (2) يۇقۇرقىلاردىن تاشقىرى سوغاق بەلغەم ئۇيۇۋېلىپ چىقمىغاندا نوشۇدۇرنى بەلغەم چىقىرىدىغان دورىلارغا قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ. (3) گالغا بېلىق قىلتىرىغى تۇرۇپ قالغاندا: نوشۇدۇرنى ئازراق چاينىپ ئاستا يۇتۇلسا قىلتىرىق ئۇتۇپ كېتىدۇ.

**مىقتارى:** 1 - 3 مىسقال. هامىلدار ئاياللارغا ئىشلىتىش مەنئى قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تەبىئى مىس

## 自然铜 Zi ran tong

**تونۇش:** بۇ،تومۇر سۇلفات مەدىنى بولۇپ، كوپىنچە رەتلىك چاسا شەكىلدە، سىرتى سېرىق پاقىراق، تۇچ پارچىلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان سۇنۇق، يۈزى ئاقۇش سېرىق، قاتتىق ۋە ئوگاي ئۇگۇلۇپ كېتىدىغان ماددا.

**چىقىش ئورنى:** ئارجىك ۋە بابىنغولىدىن چىقىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** يىلنىڭ ھەممە ۋاقىتلىرىدا يىغىۋېلىپ، غەيرى نەرسىلەرنى تازىلىۋېتىپ، ساپال قاچىغا سېلىپ تولۇق قىزارغىچە كويدۇرۇپ، ئاندىن دەرھاللا ئاچچىقسۇدا سۇغۇرۇپ ئېلىپ يانا بىر رەت كويدۇرۇلىدۇ ۋە يېنىكگىرەك سوقۇپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىتى:** تەمى ئاچچىق، تەبىتى موتىدىل، زەھەرسىز. قاننى جانلاندۇرىدۇ. سۇگەكنى تۇتاشتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) سۇنۇق ئورنىغا چۇشۇرۇلگەندىن كېيىنكى ئىششىپ ئاغرىشتا: كويدۇرۇلگەن تەبىئى مىس، چىلپايەنىڭ ھەر بىرىدىن 1 سەر ئېلىپ، ئۇنىدەك سوقۇپ، كۈنىگە 2 قېتىم ھەر قېتىمدا 1 — 2 مىسقالدىن سېرىق ھاراق بىلەن ئىچىلىدۇ. يەنە بىر ئۇسۇلى: تەبىئى مىس، چىلپايىنىڭ ھەر بىرىدىن 6 مىسقال، كەتمەن قوغۇزدىن 20 دانە، سازاك قۇرۇتتىن 20 تال (قاقلانغان) ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، كۈنىگە 2 قېتىم ھەر قېتىمدا 3 — 5 مىسقال، قايناقسۇ بىلەن ئىچىلىدۇ. (2) تاشقى زەخىملىنىشتىن بول-

لغان كوكۇرۇشتە ۋە ئاغرىشتا تەبىئىي ئىستىن 6 مىسقال، داڭگۇي 2 سەر، كەتمەن قوڭغۇز 1 سەر، سىرسۇرۇخ 8 فۇڭ، ئىپار 4 فۇڭ ھەممىسىنى يۇمشاق سوقۇپ، كۈنىگە 2 قېتىم ھەر قېتىمدا 2 فۇڭدىن سېرىق ھاراق بىلەن ئىچىلىدۇ.

**مىقدارى:** 1 – 3 مىسقال كۆمۈلاچ ۋە تالقان دورىلار قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

# ھېقىق

## 玛瑙 Ma nao

**باشقا ئاتىلىشى:** ئاگات.

**كېلىش مەنبەسى:** بۇ، بىر خىل چوڭلۇقتا بولىدىغان، ئاچ قىزىل، قىزغۇچ سېرىق، توق قىزىل ھەم بۇلۇتسىمان سۈزۈك ياكى يېرىم سۈزۈك، ئۈستى سىلىق، خۇددى شامدەك پاقىراپ تۇرىدىغان قاتتىق چۆرۈك مەدەن، ئۇ يېلىمەلىق سۇيۇقلۇقلاردىن شەكىللەنگەن بولۇپ، تاغ جىنسلىرىنىڭ يېرىقلىرىغا ياكى غارلارغا قاپلىنىپ قالىدۇ. خوتەندىن چىقىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** يىلنىڭ ھەممە ۋاقتىدا يىغىۋېلىنىپ، يات نەرسىلەردىن تازىلاپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى ئاچچىق، تەبىئىتى سوغۇق، ئىسسىقنى ياندۇرىدۇ، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** كۆزگە داغ چۈشۈپ، قىزىرىپ ئىششىپ ئاغرىغاندا: مۇۋاپىق مىقداردىكى ھېقىقنى ئۇندەك سوقۇپ، كۆزگە

ئـازراق سۈرتۈلىدۇ. يەنە يۇرەكنى كۈچەيتىش، خاپىغانىنى يـوقـىتىش، تالىنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش مەقسىدىدە ئىشلىتىلىدۇ.
**مىقتارى:** مۇۋاپىق مىقتاردا سىرتقا ئىشلىتىلىدۇ.

# كلىمىل تىشى

## 炉甘石 Lu gan shi

**تونۇش:** بۇ تەركىۋىدە سىنىك كاربونات تۇتقان، شەكـلى يۇمۇلاق ياكى ياپىلاق، ئاق رەڭلىك، يۈزى ئىگىز ـ پەس، ۋەزنى يېنىك، ئـۇۋۇالغاق ۋە چۈرۈك بولغان هـەر خىل پـارچىلاردىن ئىبارەت تەبىئى مەدەن. بۇنىڭ سۇنۇق يـۈزى سۇس خـومارەڭ ياكى ئاقۇش كۈلرەڭ بولىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** قىزىلسۇدىن چىقىدۇ.

**يىغىپ تەييارلاش:** يىلنىڭ هەممە پەسلىدە يىغىۋېـلىپ، يات نەرسىلەرنى تازىلىۋېتىپ، كۈچلۈك ئوتتا 2 سائـەتچە كويدۇرىلىدۇ، ئاندىن سۇغا چىلاپ قوچۇلىدۇ ۋە بۇنىڭدىن هاسىل بولـغان دۇغلۇق ئېرىتمە باشقا بىر قاچىغا توكۇپ قويۇلىدۇ. بۇنىڭ قالدۇغىنى ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، يەنە 3 ـ 4 قېتىم كويدۇرىلىدۇ (دەسـلەپكىدەك) ئەڭ ئاخىرىدا هەممە دۇغلۇق ئېرىتمىلەرنى قـوشۇپ، تىندۇرۇپ، سۈزۈش ئارقىلىق يۇمشاق ئۇنىنى چىقىرىۋېلىپ قۇرۇتۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تـەمى ناتلىق، تـەبىئىتى موتىدىل، رەسەرسىز.
كوزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، گوش ئۇندۇرىدۇ، هوللۇكنى قۇرۇتىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** (1) كوزگە داغ چۈشكەندە، كوز چورد-

سى قىزىرىپ شەلۋەرەپ كەتكەندە: كلېمېل تېشى 1.7 سەر، دانىكا 1 مىسقال، ئېيىق ئوتى 1 فۇڭ ئېلىپ، ھەممىسىنى يۇمشاق سوقۇپ، كوز بۇرجىكىگە سىپىلىدۇ. ( 2 ) غەلۋىرەك ئېغىز ئېلىپ، ئۈزۈنغىچە ئاغزى يۇتمىگەندە: كلېمېل تېشى 5 مىسقال، ستالاكتىت ۋە فەھرىۋانىڭ ھەر بىرىدىن 3 مىسقال، كوك سېغىز 1 سەر، سىر سۇرۇخ 1 مىسقال ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، جاراھەتكە سېپىپ، ئۈستىدىن مەلھەم چاپلاپ قويۇلىدۇ. ( 3 ) شاپاق يارىسىدا: كالېمېل تېشى، كويدۇرۇلگەن گەج ۋە گىلدىن باراۋەر مىقتاردا ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، كۇنجۇت يېغى ياكى ۋازېلىنغا قوشۇپ چاقىلارغا چېپىلىدۇ.

**مىقتارى:** سىرتقا مۇۋاپىق مىقتاردا ئىشلىتىلىدۇ، ئىچىشكە ئىشلىتىلمەيدۇ.

# سۇكات

## 毒芹 Du qing

(كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسى، سۇكات ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** ( 1 ) كوپ يىللىق سامان غوللۇق ئوسۇملۇك، پۈتۈن تېنى تۈكسىز، سىلىق، ئېگىزلىكى 50 — 100 سانتىمېتىر. ( 2 ) يىلتىزى سەۋزىگە ئوخشايدۇ، بەزىدە بولۇنۇپ كېتىدۇ. ئۇزۇنىغا كېسىلگەن يۈزىدە بوغۇم بوشلۇغى بولۇپ، ئالاھىدە كۈچلۈك پۇراق چىقىپ تۇرىدۇ. غولى تىك، ئىچى كاۋاك بولىدۇ. ( 3 ) يوپۇرمىغى نۇۋەتلىشىپ ئوسكەن، 2 - 3 قايتىلانغان پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، تۆۋىدىن ئوسكەن يوپۇرمىغىنىڭ سېپى ئۇزۇن، غولىدىن ئوسكەن يوپۇرمىغىنىڭ سېپى قىسقا بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

(4) مېۋىسى مۇرەككەپ پوپۇكسىمان گۈل رېتى ئۇچىدا ئۆسىدۇ، گۈلىنىڭ رەڭگى ئاق، جۈپ ئاسماق مېۋىسى تۇخۇم شەكلىدە، قىزىلىق قاناتلىق بولىدۇ (291 ـ رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۆسۈش ئورنى:** ئېرىق ـ ئۆستەڭ بويلىرىدا ئۆسىدۇ. رايونىمىزنىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى قىرغىراق ئاچچىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، كۈچلۈك زەھەرلىك!! قۇرۇت ـ قوڭغۇزلارنى ئۆلتۈرىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** ياز كۈنلىرى ئوتىنى يۇلۇۋېلىپ، توغراپ پاشا، چىۋىنلار قونىدىغان جايلارغا چېچىپ قويۇلىدۇ.

**دىققەت:** ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ يەۋېلىپ زەھەرلىنىپ قېلىشىدىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك!!

## سېسىق لويلا

### 土荆芥 Tu jing jie (总状藜)

(لويلا ئائىلىسى، لويلا ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** (1) بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، تېنىدە بەز تۈكلىرى ۋە ئالاھىدە پۇرىقى بولىدۇ. ئېگىزلىكى 20 – 40 سانتىمېتىر كېلىدۇ. غولى تىك بولۇپ كۆپ شاخلىنىدۇ. (2) يوپۇرمىقى نوۋەتلىشىپ ئۆسكەن، شەكلى ئۇزۇنچاق يۇمىلاق، پەيسىمان يېرىلغان. (3) گۈل رېتى كۆپلىگەن باشاقسىمان گۈل رەتلىرىدىن شەكىللەنگەن چوڭ كونۇسسىمان گۈل رېتىنى ھاسىل قىلىدۇ. گۈلىنىڭ رەڭگى ئاقۇش يېشىل بولىدۇ. (4) مېۋىسى گۈل كاسىسىغا ئورالغان، ئۇرۇقى ياپىلاق ياكى يۇمىلاق بولىدۇ (292 ـ رەسىمگە قارالسۇن).

**ئۆسۈش ئورنى:** بىناملاردا، داللىلاردا ۋە يول بويلىرىدا ئۆسىدۇ. رايونىمىزنىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىلىدۇ.

**يىغىش تەييارلاش:** بۇنىڭ پۈتۈن ئۆتى دورا بولىدۇ. ياز پەسلىدە يىغىۋېلىپ، سايىدا قۇرۇتۇپ، باغلاپ، ئىشلىتىدىغان چاغدا توغرىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى قىرىغراق ئاچچىق، زەھەرلىك؛ ھاشارەتلەرنى ئۆلتۈرىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** ( 1 ) ئاياق تەمرەتكىسىدە: سېسىق لويلىنى سۇدا قاينىتىپ يۇيۇلىدۇ. ( 2 ) ھول ئۆتىنى توغراپ ھاجەتخانىلارغا ياكى پاشا - چىۋىنلار ئۆلىشىدىغان جايغا چېچىپ قويۇلىدۇ.

**مىقتارى:** كۆپىنچە سىرتقا ئىشلىتىلىدۇ.

## ئىت سىيگەك (يوپۇرماقسىز ئىت سىيگەك)

## 无叶毒藜 Wu ye du li （无叶假木贼）

(لويلا ئائىلىسى، ئىت سىيگەك ئۇرۇغدىشى)

**تونۇش:** ( 1 ) كۆپ يىللىق سامان غولسىمان يېرىم چاتقال، ئېگىزلىكى 30 – 70 سانتىمېتىر. ( 2 ) غولى تىك بولۇپ، تۈۋىدىن شاخلىنىدۇ. شاخلىرى يۇمۇلاق بوغۇملۇق، گوشلۇك ۋە يېشىل بولىدۇ. يوپۇرماقلىرى يىگىلەپ، تەڭگىسىمان يوپۇرماققا ئايلانغان بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ. يوپۇرماق قولتۇقلىرىدا قارا تۈكلىرى بولىدۇ. ( 3 ) باشاقسىمان گۈل رېتى شاخلىرىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا توپلاشقان، گۈلى كىچىك ۋە پەردىلەشكەن بولۇپ، مېۋىلەش مەزگىلىدە قاناتسىمان ھالەتكە ئۆزگىرىدۇ ( 293 – رەسىمگە قارالسۇن ).

**ئوسۇش ئورنى:** قۇرۇق شورتاڭ جايلاردا ئۆسىدۇ، رايونىمىزنىڭ ھەممە جايىدىن تېپىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تەمى سەل قىرىغراق تۈزلۈق، زەھەرلىك؛ قۇرۇتلارنى ئۆلتۈرىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى:** ھول ئىت سىيگەكنى توغراپ، مۇۋاپىق مىقتاردا سۇ قۇيۇپ، 20 مىنۇت قاينىتىپ، پاشا - چىۋىنلەر ئۆلىشىدىغان جايغا چېچىلىدۇ. بۇنىڭغا قوشۇمچە ئازراق ھاك سۈيى چېچىۋېتىلسە دورىنىڭ ئۈنۈمىگە ياردەم بېرىدۇ.

**مىقتارى:** مۇۋاپىق مىقتاردا سىرتقا ئىشلىتىلىدۇ.

## چۈفاڭغا كىرگۈزۈلگەن بىر قىسىم دورىلار ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

### ئالۈچا مېغىزى (郁李仁)

چۈفاڭغا كىرگۈزۈلگەن ئالۈچا مېغىزى. ئەمەلىيەتتە ئالۈچە ئۇرۇغدىشىدىكى ئالۈچە، قارا ئۆرۈك، ئەينۇلا، گىلاس قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ مېغىزىدىن ئىبارەت. تەمى تاتلىق، قىرىق، ئاچچىق، تەبىئىتى مۆتىدىل، قۇرغاقلىقنى نەملەشتۈرۈپ ئۈچەينى سىلىقلاشتۇرۇش، سۈيۈقلۇقلارنى ھەيدەش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## ئاسارۇن (Herba Asaricum Radice- 细辛

بۇ زىراۋەندە ئائىلىسى (Aristolochiaceae -马兜铃科) دىكى Asarum heteropoides var mandshuricum (maxin)Kitag 辽细辛 ياكى 华细辛 — Asarum sieboldi Miq دىگەن ئۇسۇملۈكلەر بولۇپ، دورىغا پۈتۈن قىسمى ئىشلىتىلىدۇ. لياۋنىڭ، جىلىن، خېي-لۇڭجياڭ قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ. تەمى ئاچچىق، تەبىئىتى ئىس-سىققا مايىل يەلنى تارقىتىش، سوغاقنى ھەيدەش، سۈيۈقلۇقلارنى ھاي-دەش، يوللارنى ئېچىش خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

## ئازادى دەرەخ ئۇرۇغى: (川楝子 ياكى 苦楝子)

## (Fructus Meliae toosendan)

بۇ ئازادى دەرىخى ئائىلىسى (Meliaceae - 楝科) دىكى سىچۈەن ئازادى دەرىخى (Melia toosendan Siebet zucc (川楝子) نىڭ ئۇرۇغى (بەزى ئورۇنلاردا ئازادى دەرەخ—Melia azedarach نى 苦楝子 ئورنىدا ئىشلىتىپ كەلمەكتە). خۇبېي، خۇنەن، خېنەن، سىچۈەن، گۈيجۇ، يۈننەن ۋە گەنسۇ قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ. تەمى قىرىق، تەبىئىتى سوغاق، ھول ئىسسىقنى ياندۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش، مەدە چۈشۈرۈش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## باجتيەن يىلتىزى (Radix Morindae- 巴戟天 )

بۇ رويان ئائىلىسى (Rubiaceae — 茜草科) دىكى 巴戟天 (Morinda officinalis How) دىگەن پىلەكلىك ئۇسۇملۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان يىلتىزى بولۇپ، گۇاڭدۇڭ، فۇجيەن ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ.

www.uyghurkitap.com

تەبىئىتى سەل ئىسسىققا مايىل، تەمى ئاچچىق. بۆرەككە قۇۋۋەت بېرىپ، مەنىيلىكنى كۈچلەندۈرىدۇ. پەي ۋە سۆڭەكلەرنى چىڭىتىش، يەل ۋە نەملىكنى هايداش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## بەيفۇزى (ئاق پارپا) (Radix Aconiti coreani — ياكى Typhonii Rhizoma — 白附子)

بۇ چايان ئوت ئائىلىسى (Araceae— 天南星科) دىكى دۇجياۋلىيەن (Typhonium giganteum Engl — 独角莲) نىڭ تۇگۈنەك غولى ۋە ئېيىق تاپانلىقلار ئائىلىسىدىكى سېرىق گۈللۈك بۇۋانە (Aconitum Coreanum (Laveil.) Leveil — 黄花乌头) نىڭ تۇگۈنەك يىلتىزى. سىچۇەن، شەندۇڭ، خېبېي، شەنشى، گەنسۇ ۋە دۇڭبېينىڭ هەر قايسى ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ. تەمى تاتلىغراق ئاچچىق، تەبىئىتى ئوت ئىسسىق، ئازراق زەھەرلىك! بەلغەمنى بوشىتىش، سوغاق يەلنى هەيدەش، تارتىشىشنى توختىتىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## بەنشا (Rhizoma pinelliae — 半夏)

بۇ چايان ئوت ئائىلىسى (Araceae — 天南星科) دىكى (Pinellia ternata (Thunb) Breit· ) 半夏 دېگەن كۆپ يىللىق ئوسۇملۇكنىڭ قۇرۇتۇلغان يۇمۇلاق شەكىلدىكى تۇگۈنەك غولى. دۆلىتىمىزنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدىكى هەر قايسى ئۆلكىلەردىن چىقىدۇ. تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، تەمى ئاچچىق. بەدەندىكى هۆللىكنى قۇرۇتۇپ، بەلغەمنى يۇمشىتىش، ئاشقازان ۋە تالنى ياخشىلاپ، قۇسۇشنى توختىتىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## بەيبو يىلتىزى (Radix stemonae 百部)

بەيبو ئائىلىسى (Stemonaceae 百部科) دىكى 直立百部 قاتارلىق ((Stemona sessilifoila (Miq.) Franch) 3 خىل كوپ يىللىق چوپلەرنىڭ قۇرۇتۇلغان تۈگۈنەك يىلتىزى بولۇپ، جاڭسۇ، ئەنخۇي، جېجاڭ قاتارلىق ئۆلكىلەردىن چىقىدۇ. تەبىئىتى سەل ئىسسىققا مايىل، تەمى ئاچچىغراق تاتلىق، ئۆپكىنى ئىسسىتىش ۋە نەملەش، يەلنى ھەيدەپ، يۆتەلنى توختىتىش، مەددىلەرنى ئۆلتۈرۈش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## بەيگو مېۋىسى (白果)

بۇ كۆمۈش ئۈرۈك ئائىلىسى (Ginkgoaceae 银杏科) دىكى كۆمۈش ئۈرۈك (Ginkgo biloba 银杏) دېگەن دەرەخنىڭ مېغىزى بولۇپ گۇاڭشى، سىچۇەن، خېنەن، خېبېي سەندۇڭ قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ. تەمى ئاچچىغراق تاتلىق، تەبىئىتى موتىدىل. يۆتەلنى توختىتىش، مەنىنى تۇتۇش، ئاق خۇننى توختىتىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## بەيماۋ يىلتىزى (Rhizomo Imperatae 白茅根)

بۇ باشاقلىق ئۆسۈملۈكلەر ئائىلىسى (Gramineae 禾本科) دىكى (Imperata cylindrica (L) Beauw. var.major Hub·)白茅 دەپ ئاتىلىدىغان كوپ يىللىق چۆپنىڭ قۇرۇتۇلغان يىلتىزسىمان غولى بولۇپ، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىن كوپرەك چىقىدۇ. تەبىئىتى سوغاق، تەمى تاتلىق. گۈلىنىڭ تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، تەمى تاتلىق. ياز پەسلىدىكى ئىسسىق ئوتۇشنى ياندۇرۇش، ئۇيۇپ قالغان قانلارنى تارقىتىش، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى www.uyghurkitap.com

## بېجا قېپى (Carapax Amydae- 鳖甲 )

بۇ بېجا (Amyda sinensis Weigman 鳖甲 ) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل تاشپاقىنىڭ قېپى بولۇپ، خېيىنداۋ، گۇاڭدۇڭ، خۇبېي، ئەنخۇي قاتارلىق ئۆلكىلەردىن چىقىدۇ. تەبىئىتى سوغاق، تەمى تۇزلۇق، مەنپەلىككە قۇۋۋەت بېرىپ، مۇسپەلىكنى ساقلاش، قانتىقلىقنى يۇمشىتىپ، تۈگۈنلەرنى تارقىتىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## بىڭپىيەن ( 冰片 ياكى 梅片 )

بۇ 龙脑香科 (Dipterocarpaceae) ئائىلىسىدىكى 龙脑香 دىگەن دەرەخنىڭ (Dryobalanops aromatica Gaertn. f.) جاگۇك قىلىنغان يېلىمى بولۇپ، تېچ ئوكياننىڭ جەنۇبىدىكى ئاراللاردىن چىقىدۇ. تەبىئىتى سوغاققا مايىل، تەمى قىرتاغراق ئاچچىق. يوللارنى ئېچىش، ئېششىقنى قايتۇرۇپ ئاغرىق توختىتىش، كوزنى روشەن قىلىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## بىشيە يىلتىزى (Rhizoma dioscoreae Bishie 草薢)

بۇ يېچەككۈل (Dioscoreaceae 薯蓣科) ئائىلىسىدىكى ئۆپلىق بىشيە (Dioscorea sp. 粉草薢) دىگەن ئوسۇملۇكنىڭ قۇرۇتۇلغان يەر ئاستى يىلتىزسىمان غولى. ئاساسەن جېجياڭدىن چىقىدۇ. تەمى قېرىق، تەبىئىتى موتىدىل، ھۆللىكنى ھەيدەپ يەلنى تارقىتىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## يۇرجۇن (Fructus Ligustri Lucidi 女贞子)

(توبى ئۇرۇقى)

بۇ ئەرەمدۇن دەرىخى ئائىلىسى (Oleaceae 木樨科) دىكى
يۇرجۇن (Ligustrum Lucidum 女贞) دېيىلىدىغان بىر خىل
دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخنىڭ قۇرۇ-
تۇلغان پىشقان مېۋىسى بولۇپ، خېنەن، ئەنخۇي، جياڭسۇ، جېجياڭ
قاتارلىق ئۆلكىلەردىن چىقىدۇ. تەبىئىتى مۆتىدىل، تەمى قىرتاغراق
تاتلىق. مەنپىلىككە ياردەم بېرىپ، بۆرەككە قۇۋۋەت بېرىش، بەل
ۋە تىزغا ماغدۇر بېرىش، قۇلاق ۋە كۆزنى ئۆتكۈر قىلىش خۇسۇ-
سىيەتلىرىگە ئىگە.

## دارچىن شېخى (Ramulus Cinnamomi 桂枝)

بۇ كامفورا ئائىلىسى (Lauraceae 樟科) دىكى دارچىن
دەرىخى (Cinnamomum Cassia Blume 菌桂) نىڭ قۇرۇتۇلغان
يۇمران شېخى بولۇپ يۈننەن، گۇاڭشى، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىرىدىن
چىقىدۇ. تەمى تاتلىقراق ئاچچىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل. تەر-
لىتىش، گۆشلەرنىڭ تارتىشىشىنى بوشاشتۇرۇش، تومۇرلارنى راۋان
قىلىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

بۇ دەرەخنىڭ قۇرۇتۇلغان يوپۇرماق بىخى بار چوققا شېخى
مىخ دارچىن (桂尖) دېيىلىدۇ. پىشمىغان مېۋىسىنىڭ قېپى
ياكى قۇرۇتۇلغان گۈل كاسىسى گۈلدارچىن (肉桂子) دېيىلىدۇ، سو-
يۇپ ئېلىنغان قوۋزىقى دارچىن (肉桂) دېيىلىدۇ، پوستىنى سو-
يۇۋەتكەندىن كېيىنكى قۇرۇتۇلغان شېخى دارچىن پورى (桂心)
دېيىلىدۇ، قوۋزىقىنى سويۇۋەتكەندىن كېيىنكى ياغىچى دارچىن كۆتىكى
(桂木) دېيىلىدۇ. قېرى دارچىن شاخلىرى ۋە 6 – 7 يىللىق
دارچىن دەرىخىنىڭ قۇرۇتۇلغان قوۋزىقى چوكا دارچىن (条桂)

ياكى 官桂 دېيىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

كىتاپلاردا 桂皮 دەپ ئاتىلىدىغىنى مۇشۇ ئائىلىدىكى ھىندى دارچىن دەرىخى (Cinnomomum PedunculatunNees 天竺桂) نىڭ قوۋزىغى بولۇپ دورا-دەرمەك ۋە چاي دورىسى قاتارىدا ئىشلىتىلىدۇ. جۇڭگىدا دورىغا ئىشلەتمەيدۇ. بۇ مىللى تىبابەتتە «قوۋزاق دارچىن» دەپ ئاتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## دىبىق 桑寄生 (Ramus Loranthi)

(ھەسەل مەيۈزەك)

بۇ دىبىق ئائىلىسى (Loranthaceae 桑寄生科) دىكى دىبىق (Loranthus Parasiticus (L.)Merril 桑寄生) دەپ ئاتىلىدىغان ئەرمىدون قاتارلىق دەرەخلەردە تەييارتاپ بولۇپ ئۆسىدىغان كىچىك چاتقالنىڭ قۇرۇتۇلغان شېخى بولۇپ، گۈلاگدۈك، گۈلاگشى، چىچياڭ ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ. تەبىتى موتىدىل، تەمى قىرتاق. جىگەر ۋە بۆرەكلەرگە قۇۋەت بېرىش، پەي ۋە سۆڭەكلەرنى چىڭىتىش، ھامىلىنى ئاسراش، سۈت كۆپەيتىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## دۇجۇڭ قوۋزىغى 杜仲 (Cortex Eucommiae)

بۇ دۇجۇڭ ئائىلىسى (Eucommiaceae 杜仲科) دىكى 杜仲 (Eucommia ulmoides Osiv) دىگەن دەرەخنىڭ قۇرۇتۇلغان قوۋزىغى بولۇپ، سىچۈەن، گۈيجۇ، يۈننەن، خۇنەن قاتارلىق يەرلەردىن چىقىدۇ. تەبىتى موتىدىل، تەمى ئاچچىق، زەھەرسىز. تال - ئاشقازاننى قۇۋەتلەپ، مەنىنى كوپەيتىش، پەي ۋە ئۇستىخانلارنى چىڭىتىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## دارچىن 肉桂 (Cortex Cinnmomi)

بۇ كامفورا ئائىلىسى (Lauraceae 樟科) دىكى دارچىن

دەرىخىنىڭ قورۇتۇلغان (Cinnamomum Cassia Blume 菌桂) قوۋزىغى بولۇپ يۇنىەن، گۇاڭشى، گۇاڭدۇڭدىن چىقىدۇ. تەمى ئاچ - چىغراق تاتلىق. تەبىئىتى ئىسسىق، ئازراق زەھەرلىك. ھەممىن پەللىسىنى ئىسسىتىدۇ. ئوڭاي ساقايمايدىغان سوغاق كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ.

## ئىپار (Moschus - 麝香)

بۇ ئىپار بوغىسى (Moschus moschiferus 麝) نىڭ كىندىكىدىكى پۇراقلىق خالتىسىنىڭ ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلى. ئىپار دولىتىمىزدە ئاساسەن چىقىدىغان قىممەتلىك دورا ماتېرىيالى بولۇپ، شىزاڭ، سىچۈەن، گۇاڭشىنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىن چىقىدۇ. ئىپارنىڭ تەمى ئاچچىق، تەبىئىتى موتىدىل. يوللارنى ئېچىش، جىگلۇ تومۇرلىرىنى راۋان قىلىش، ئىششىقلارنى يوقىتىپ ئاغرىق توختىتىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## بەرغەمۇت (Fructus citri Sarcodactylis — 佛手)

(لىمون بەرنەتى)

بۇ سۇزاپ ئائىلىسى (Rutaceae —芸香科) دىكى لىمون بەرنەتى (Citrus medica var. Sarcodactylis Swingle 佛手柑) دېگەن كىچىك دەرەخ ياكى چاتقالنىڭ مېۋىسىنى ئۇزۇنىسىغا يالپاقلاپ كېسىپ قورۇتۇلغان نېپىز پارچىلار بولۇپ، سىچۈەن، گۇاڭدۇڭ، يۇننەن قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ. چۈچۈمەل قىرىغراق ئاچچىق، ئىسسىققا مايىل. يەلنى تەڭشەش، بەلغەم يۇمشىتىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## فوخەيشى (Lapis Pumicis 浮海石)

بۇ — دېڭىز - ئوكيانلاردا ياشايدىغان يۇمشاق تەنلىك ساي - ۋانلارنىڭ پائالىيىتى بىلەن ھاسىل بولۇپ، بەزىدە سۇ ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ چىقىدىغان مارجان پولىپلىرىنىڭ قاتتىق قېپىدۇر. شۇ -

www.uyghurkitap.com

نەگىدەك يانار تاغلارنىڭ ئېتىلىشى بىلەن يەر ئۈستىگە چىققان پەمزا (浮石) ھەم فوخەيشى دەپ ئاتىلىپ دورىگەرلىكتە ئىشلىتىلىدۇ. بۇلارنىڭ تەمى شورلۇق، تەبىئىتى سوغاق. ئۆپكىدىكى ئىسسىقلىقنى تارقىتىش، قاتتىق بەلغەمنى يۇمشىتىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## گەنسۈي سۈتلۈك ئوتى (Radix Euphorbiae kansui— 甘遂)

بۇ سۈتلۈك ئوتلار ئائىلىسى (Euphorbiaceae — 大戟科) دىكى گەنسۈي سۈتلۈك ئوتى (Euphorbia sp — 甘遂) نىڭ يىلتىزى. شەنشى، شەنشى، خېنەن قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ. تەمى قېرىق، تەبىئىتى سوغاق. زەھەرلىك! چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى راۋان قىلىش، سۇيۇقلۇقلارنى ھايدەش، بەلغەم بوشىتىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## گېگەن يىلتىزى (Radix Puerariae 葛根)

بۇ پۇرچاق ئائىلىسىدىكى پىلەك تارتىپ ئۆسىدىغان گېپى (Pueraria Pseudo—hirsuta Tang et wang 葛) دېگەن ئۆسۈملۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان يىلتىزى. دۆلىتىمىزنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدىكى ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ، تەبىئىتى موتىدىل، تەمى تاتلىغراق ئاچچىق، تاش بەدەندىكى ئىللەتلەرنى تازىلاپ قىزىتمىنى قايتۇرۇش، خىلىت ھاسىل قىلىپ، ئۇسسۇزلۇقنى بېسىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، ھاراق بىلەن زەھەرلىنىشنى يېشىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## گۆجىگساۋ (谷精草)

بۇ گۆجىگساۋ ئائىلىسى (Eriocaulaceae 谷精草科) دىكى تۈكلۈك گۆجىگساۋ (Eriocaulon australe Br 毛谷精草) قاتارلىق 4 خىل گۆجىگساۋنىڭ پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنى بولۇپ ئىچكى

ئۇلكىلەردىن چىقىدۇ، تەمى تاتلىغراق ئاچچىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل. ئىسسىقنى تارقىتىش، كوزنى روشەنلەشتۇرۇش، كوزگە چۈش -كەن داغنى تارقىتىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## قۇنۇن (钩藤)

بۇ رويان ئائىلىسى (Rubiaceae 茜草科) دىكى
① 钩藤 (Uncaria rhynchophylla (Miq)Jacs) قۇنۇن
② 华钩藤 (U. sinensis (Oslv) Havil) جۇڭگو قۇنۇنى
دەپ ئاتىلىدىغان 2 خىل پىلەكلىك ئۇسۇملۇكنىڭ قۇرۇتۇلغان غول ۋە شاخلىرى بولۇپ، جېجياڭ، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، جياڭشى، فۇجيەن قاتارلىق ئۇلكىلەردىن چىقىدۇ. تەبىئىتى سوغاق، تەمى تاتلىق. ئىس-سىقلىقنى قايتۇرۇش، جىگەرنى تىنچلاندۇرۇش، يەلنى بېسىش، چو -چۇشنى توختىتىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## پىستەگۇل (太子参 ياكى 孩儿参)

بۇ قەلەمپۇر ئائىلىسى (Caryophyllaceae 石竹科) دىكى Pseudostellaria heterophylla pax ex pax et Hoffm دىگەن كوپ يىللىق ئۇسۇملۇك. لياۋنىڭ، خېبېي، سەندۇڭ، ئەنخۇيلاردىن چىقىدۇ، جۇڭگىدا تۇگۇنەك يىلتىزى ئىشلىتىلىدۇ. تەمى قىرتاغراق تاتلىق. تەبىئىتى سوغاققا مايىل. بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىپ، قانغا پايدا كەلتۇرىدۇ، خىلىت ھاسىل قىلىدۇ.

## خەي فىڭ تېڭ پىلەكى (海风藤)

(Caulis Piperis futokadsure
بۇ قارىمۇچ ئائىلىسى (Piperaceae 胡椒科) دىكى شىچۇەن (Piper futokadsura Setz 风藤) دىيىلىدىغان پىلەكلىك ئۇسۇملۇكنىڭ قۇرۇتۇلغان غولى بولۇپ، فۇجيەن، جېجياڭ، تەيۋەن

قاتارلىق ئۆلكىلەردىن چىقىدۇ. تەبىئىتى سەل ئىسسىققا مايىل، تەمى ئاچچىق، جىگلۇنى راۋان قىلىش، شامالنى ئىش، سوغاق ۋە نەملىكتىن كەلگەن ئىللەتلەرنى ھەيدەش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## خەيدەي (Thallus Laminariae 昆布 ياكى 海带)

بۇ خەيدەي ئائىلىسى (Laminariaceae 昆布科) دىكى تاسمىغا ئوخشايدىغان، دېڭىز ئۆسۈملۈكى بولۇپ، جېڭداۋ، يەنتەي، دالىيەن قاتارلىق جايلاردىن كۆپ چىقىدۇ. تەمى تۇزلۇق، تەبىئىتى سوغاق، بەلغەمنى تازىلاش، بەدەندىكى سۇنى ماڭغۇزۇش، پوقاقنىڭ ئالدىنى ئېلىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە. كۇنبۇ (昆布) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

## خەنلىيەنساۋ (Herba Ecliptae prostratae 旱莲草)

بۇ مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسى (Compositae 菊科) دىكى خەنلىيەنساۋ (Eclipta prostrata 旱莲草) دېگەن بىر يىللىق ئۆسۈملۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان پۈتۈن تېنى بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەردىن چىقىدۇ. تەمى چۈچۈمەلرەك تاتلىق، تەبىئىتى سوغاق، بۆرەكنىڭ مەنپىلىگىنى توختىتىش، قان تولغاقنى توختىتىش، چاچنى قارايتىش، چىشنى چىڭىتىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## خولىنجان (Rhizoma Alpiniae officinarum 高良姜)

بۇ، زەنجىۋىل ئائىلىسى (Zingiberaceae 姜科) دىكى (Alpinia officinarum Hance 高良姜) دېگەن كۆپ يىللىق ئۆسۈملۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان يىلتىزسىمان غولى بولۇپ، گۇاڭدۇڭ، خەينەن داۋلاردىن چىقىدۇ. تەمى ئاچچىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، تال ۋە ئاشقازاننى ئىسسىتىش، سوغاقنى ھەيدەش، ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىش،



www.uyghurkitap.com

ئاغرىق توختىتىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## خۇڭتىڭ پىلىكى (Caulis sargentodoxae大血藤 红藤)

بۇ داشۇيتىڭ ئائىلىسى (Sargentodoxaceae 大血藤科) دىكى داشۇيتىڭ (Sargentodoxa Cuneata (oliVer)Reher 大血藤) et wilson) - دىگەن پىلەك تارتىپ ئۆسىدىغان چاتقالنىڭ قۇرۇتۇلغان غولى. ئەنخۇي، جېجياڭ، جياڭشى، خۇنەن گۇاڭشى قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ. تەمى قىرىق، تەبىئىتى موتىدىل. يەلنى هايداپ قاننى جانلاندۇرۇش، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، مەددە چۈشۈرۈش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## خۇڭشىگدەن (红升丹)

بۇ بىر خىل بىرىكمە دورا بولۇپ چۈفاڭى: سىماپ (水银) 2 سەر، سىلىترا (硝石) 2 سەر، زەمچە (白矾) 2 سەر. ئاۋال سىماپ بىلەن سىلىترانى ئارىلاشتۇرۇپ يۇمشاق سوقۇپ، قازانغا سېلىپ، سۇس ئوتتا تولۇق ئېرىتىپ بولغاندىن كېيىن سوۋۇتۇپ ئۈستىگە سىماپ قۇيۇلىدۇ. ئۈستىگە سىرلانغان قاچىنى كومتۇرۇپ ئاراشلىرىنى قەغەز ياكى سېغىز لاي بىلەن چاپلاپ، سىرلانغان قاچىنىڭ ئۈستىگە بىر نەچچە تال گۆرۈچ قويۇپ، قازاننىڭ تېگىدىن تەدرىجى ئوت قالىنىدۇ، گۆرۈچ ساغارغاندا ئوت توختىتىلىدۇ، قارايغاندا دورا ئېلىنىدۇ.

زەھەرنى تارقىتىش، چىرىكلەرنى يوقىتىش گۆش ئۆستۈرۈش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## خۇپۇ (Cortex Magnoliae 厚朴)

بۇ ماگنولىيە ئائىلىسى (Magnoliacae 木兰科) دىكى خۇپۇ دىگەن دەرەخنىڭ قۇرۇتۇلغان (Magnolia officinalis Reh 厚朴)

قوۋزىغى، گۈيجۇ، خۇنەن، ئەنخۇيلاردىن چىقىدۇ. تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، تەمى ئاچچىغراق قىرتاق، تال - ئاشقازاننى ئىسسىتىش، يەلنى ھەيدەش، مەيدىدىكى چىڭلىقنى تارقىتىش، ھوللۇقنى قورۇتۇپ، تۇسالغۇلارنى ئېچىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## خۇخۇاڭلىيەن (Rhizoma Picrorrhizae 胡黄连)

بۇ چۇقا ئائىلىسى (Scrophulariaceae 玄参科) دىكى (Picrorrhiza Kurrooa Benth. 胡黄连) دىگەن ئۇسۇملۇكنىڭ قورۇتۇلغان يىلتىزسىمان غولى بولۇپ، شىزاڭدىن چىقىدۇ. بىر قىسمى جىنكۇ قىلىنىدۇ. تەمى قېرىق، تەبىئىتى سوغاق. ئىسسىقنى ياندۇرۇپ ھوللۇقنى قورۇتىدۇ.

## خۇاڭبو قوۋزىغى (Cortex Phellodendri 黄柏)

بۇ سوزاپ ئائىلىسى (Rutaceae芸香科) دىكى

①黄柏 (Phellodendron amurense Ruprecht)

②川黄柏 (Ph·sachalinense Sargent)

دىگەن 2 خىل دەرەخنىڭ قورۇتۇلغان قوۋزىغى بولۇپ، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، يۈننەن ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ. تەبىئىتى سوغاق، تەمى قىرتاق، ئوت ئىسسىقنى قايتۇرۇش، كىندىكنىڭ تۆۋىنىدىكى ئىسسىقنى قايتۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## جەدۋار (Rhizoma zedoariae 莪术)

باشقا ئاتىلىشى: پارپا، زەرداۋار

بۇ زەنجىۋىل ئائىلىسى (Zingiberaceae—姜科) دىكى پارپا (Curcuma zedoaria Rosc 莪术) دىگەن ئۇسۇملۇكنىڭ يىلتىزسىمان غولى شەكلى ئۇرچۇقسىمان، ئىككى ئۇچى ئۇچلۇق، خومرەك كېسىلگەن يۈزى توق كۈلرەڭ ياكى يېشىل سېرىق، قاتـ

تەمەق پاقىراق بولۇپ، بىر تال ئاق سىزىق ھالقىسى ۋە ئاق نۇقتىلار كورۇلىدۇ. گـۆشى سېرىق قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ. تەمى ئاچچىق قىرىق، تەبىئىتى ئىسسىقتا مايىل. ئۆيۈغان قاننى تارقىتىش، يەلنى ماكغۇزۇش، مەيدىدىكى چىگقىلىشنى يوقىتىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە. زەھەرسىز. ھامىلدار ئاياللارغا ئىشلىتىش مەنئى قىلىنىدۇ.

## جۇچاۋ (枳壳)

بۇ سۇزاپ ئائىلىسى (Rutaceae 芸香科) دىكى 酸橙 代代红 ،(C.Wilsonii Tanaka)香圆 ،(citrus aurantium) Pancirus) 枳 ،(C.aurantium L.Var amara Engl) (TrifoliataRat دىگەن 4 خىل جۈيزىنىڭ قېقى بولۇپ، جەنۇبىي ئۆلكىلەردىن چىقىدۇ. تەمى چۈچمەلرەك قىرتاق، تەبىئىتى سەل سوغاق. يەلنى تارقىتىش، ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىش، بەلغەم بـوشىتىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## جىشۇيتىڭ پېلىگى: (Caulis Mucunae 鸡血藤)

بـۇ - پـۇرچـاق ئـائىلىسىدىكى 白花油麻藤 Mucuna) (birdwoodiana tutcher دىگەن بىر خىل پىلەكـلىك ئۇسۇمـلۇكنىڭ قۇرۇتۇلـغان غـولى بولۇپ، ئـاساسەن، گۇاڭدۇڭ، گـۇاڭشى، جياڭسۇ، جېجاڭ قاتارلىق ئۆلكىلەردىن چىقىدۇ. تەبىئىتى ئىسسىقتا مـايىل، تەمى ئـاچچىق، قانغا قۇۋۋەت بېرىش ۋە قـاننى مـاكدۇرۇش، جىگلۇنى راۋان قىلىش، پـەي ۋە سۆگەكلەرنى مۇستەھكەم قىلىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## جۇمۇ يىلتىزى (Rhizoma Anemarrhenae 知母)

بـۇ پىياز ئـائىلىسى (Liliaceae 百合科) دىـكى (Anemarrhena asphodeloides Bge)知母 دىگەن كوپ يىللىق

جۇپنىڭ قۇرۇتۇلغان يىلتىزسىمان غولى بولۇپ، خېبېي، سەنشى، گەنسۇ، دۇڭبېيلاردىن چىقىدۇ. تەبىئىتى سوغاق، تەمى قىرتاق، ئوت ئىسسىقنى قايتۇرۇپ، مۇسبىلىككە ياردەم بېرىش، كوڭۇلنى ئېچىش، ئۇسسۇزلۇقنى بېسىش، قۇرغاقلىقنى ھوللاپ، ئۈچەينى سىلىقلاشتۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە

## (Semen Myristicae — 肉豆寇) جوز بوۋا

بۇ مۇسكات دەرىخى ئائىلىسى (Myristicaceac -肉豆寇科) دىكى مۇسكات دەرىخى (Myristica fragrans Houtt. 肉豆寇树) نىڭ مېغىزى. (مۇسكات دەرىخى مېۋىسىنىڭ ياكى ياڭىقىنىڭ پوستى **بىسباسە** دېيىلىدۇ). مالايا، ھىندونېزىيىنىڭ سۇماترا، ياۋا، غەربىي ئىريان قاتارلىق ئاراللىرى ۋە ۋىست ھىندىيا ئاراللىرى، تايلاند قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ. تەمى ئاچچىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل تال-ئاشقازاننى ئىسىتىش، ئۈچەينى قورۇش، يەلنى ھەيدەش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## (Sclerotium Grifolae 猪苓 ) جۇلىك گىرىبى

بۇ غارىقۇن ئائىلىسى (polyporaceae 多孔菌科) دىكى دېيىلىدىغان (Grifola umbellata (pers) pilat) 猪苓 بىر خىل تەييارتاپ گىرىبنىڭ قۇرۇتۇلغان گىرىب بادروسى بولۇپ، ئاساسەن شەنشى، يۈننەن ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ. تەبىئىتى مۆتىدىل، تەمى تاتلىق. سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، نەملىكنى ھەيدەش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## (Radix Clematidus 威灵仙) جوڭگو ماگدارى

بۇ-ئېيىق تاپانلىقلار ئائىلىسى (Ranunculaceae 毛茛科) دىكى جوڭگو ماگدارى (Clematis chinensis Osbeck威灵仙)

نەمەك قۇرۇتۇلغان بىلتىزى بولۇپ، ئەنخۇي جىجياڭ، جاڭسۇ ئۆلكىلىرى-
دىن چىقىدۇ. تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، تەمى ئاچچىق ياكى تۇزلۇق
يەلنى تارقىتىش، ھېيز كەلتۈرۈش، بەدەندىكى سۇنى چىقىرىش خىز-
سۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## جۇڭگو مۇزىسى (Galla chinensis 五倍子)

بۇ سىر دەرىخى ئائىلىسى (Anacardiaceae 漆树科)
دىكى يەنفۇمۇ (Rhus chinensis Mill 盐肤木) ياكى چىڭ-
نۇياڭ (Rhus potanini Maxim 青麸杨) دېگەن دەرەخلەر-
نىڭ يوپۇرمىقىدىكى قۇرۇت تۈگۈنىكى بولۇپ، بۇ خىل تۈگۈنەك يو-
پۇرماق پىتى (蚜虫) نىڭ تەييارتاپ ياشىشىدىن شەكىللىنىدۇ.
سىچۈەن، گۈيجۇ، شەنشى، خۇبېي، فۇجيەن ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ.
تەمى چۈچۈمەل، تەبىئىتى مۆتىدىل، ئۆپكىنى تازىلاش، ئۈچەينى تىز-
گىنلەش، تەر توختىتىش قان توختىتىش، زەھەرنى كېسىش خۇسۇ-
سىيەتلىرىگە ئىگە.

## كىرىمدانە (Flos Genkwa 芫花)

بۇمازارىيون ئائىلىسى (Thymelaeaceae 瑞香科) دىكى
كىرىمدانە (Daphne genkwa Sieb.et Zucc芫花) دېيىلىدى-
غان بىر خىل ياۋا ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك بولۇپ، كۆپىنچە ئەنخۇي.
جياڭسۇ، جېجياڭ، سىچۈەن ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ. تەبىئىتى ئىسسىققا
مايىل، تەمى ئاچچىق زەھەرلىك؛ بەدەندىكى سۇنى ھەيداش، بەل-
غەمنى تازىلاش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## دەريا كوپۈگى ياكى 海螵蛸 (Os Sepiae 乌贼骨)

بۇ بىر خىل 乌贼 ياكى 墨鱼 (Sepia esculenta Hoyle)
دېگەن يۇمشاق تەنلىك ھايۋان بولۇپ، دېڭىزدا ياشايدۇ. ئادەتتە
سۇ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەچكە كۆپۈگى دەريا دەپ نام ئالغان. دور-

غا سوغىقى ئىشلىتىلىدۇ. خۇاڭخەي، بوخەي ۋە دۇڭخەي دېڭىزلىرىـ
دىن تېپىلىدۇ. شور تەملىك، ئىسسىققا مايىل، ھول سوغاقنى تارقىـ
تىش، قورۇش، قان توختىتىش خوسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## (Radix Saphorae 苦参) كۈشلەك

بۇ پۇرچاق ئائىلىسى دېگەن كۈشلەك 苦参
(Sophora flavescens AHon) دېگەن ئۇسۇملۇكنىڭ قۇرۇتۇلغان
يىلتىزى. جىجاڭ، خېنەن، ئەنخۇي، گەنسۇ شەنشى قاتارلىق ئۆلكىـ
لەردىن چىقىدۇ، تەمى قىرىق، تەبىئىتى سوغۇق. ئىسسىقنى قايتۇرۇش،
سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، يەلنى چىقىرىش، ھوللۇقنى قۇرۇتۇش، مەددە
چۇشۇرۇش خوسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## (Semen Strychni 马钱子 ) كۆچۈلا

بۇ كۆچۈلا ئائىلىسى (Loganiaceae 马钱科) دىكى كۆچۈلا
(Strychnos nux - vomicaL) ۋە يۈننەن كۆچۈلىسى (云南马钱)
(strychnos sp.) قاتارلىق 2 خىل دەرەخنىڭ قۇرۇتۇلغان ئۇرۇـ
غى. ئالدىنقىسى دەرەخ بولۇپ، ھىندىستان، ھىندىچىنىلەردىن
چىقىدۇ. كېيىنكىسى خەينەنداۋ ئارىلىدا ئۆسىدۇ. تەبىئىتى سوغاق،
تەمى ئاچچىق زەھەرلىك؛ قاندىكى ئىسسىقلىقنى تارقىتىش، ئىششىق
ۋە زەھەرنى قايتۇرۇش خوسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## (木瓜) كۆلى بېھىسى

Fructus Chaenomelis lagenariae

**باشقا ئاتىلىشى:** سوقا بېھى

بۇ ئەتىر گۈل ئائىلىسى (Rosaceae - 蔷薇科) دىكى كۆلى
بېھىسى (Chaenomelis lagenaria koidz 木瓜) دېگەن دە-
رەخنىڭ مېۋىسى بولۇپ، ئاساسەن ئەنخۇي، جىجياڭ، خۇبېي، سىچۈەن



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ. پەشقەرخەلق باغچىسىدىمۇ ئۇستۇرۇلمەكتە. تەمى چۈچۈمەل، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل. جىگەرنى ئىچىلاندۇرۇپ ئاشقازاننى ياخشىلايدۇ. ھوللۇقنى ھايداپ سىرىق ئەتلەرگە ئارام بېرىدۇ.

دىققەت: بۇ شىنجاڭدىكى بېيە (بىھى) ئەمەس.

## لېيۋەن گىرىبى (Sclerotium Omphaliae雷丸)

بۇ، غارىقۇن ئائىلىسى (polyporaceae 多孔菌科) دىكى لېيۋەن (Omphalia lapialia Sch· 雷丸) دېيىلىدىغان بىر خىل زەمبۇرۇغنىڭ قۇرۇتۇلغان زەمبۇرۇغ تۈگۈنى بولۇپ، ئاساسەن بامبۇك ئورمانلىقىدا ئۆسىدۇ. خېنەن، ئەنخۇي، جياڭسۇ، جېجياڭ، فۇجەن قاتارلىق ئۆلكىلەردىن چىقىدۇ. تەبىئىتى سوغاق، تەمى قىرتاق. مەددە چوشۇرۇش خوسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## لېيەنچياۋ (Fructus forsythiae 连翘)

بۇ ئەرمەدۇن دەرىخى ئائىلىسى (Oleaceae木樨科) دىكى لېيەنچياۋ (Forsythia Suspensa Vahl) دېگەن ئۇسۇملۇكنىڭ قۇرۇتۇلغان مېۋىسى. شېنشى، خېنەن، شەنشى قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ. تەمى قىرىق، سەل سوغاققا مايىل. ئىسسىقنى قايتۇرۇش، زەھەرنى كېسىش، تۈگۈنلەرنى يېشىش، ئىششىقنى قايتۇرۇش، يېرىڭنى تازىلاش خوسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## لوشىنىڭ پېلىكى (络石藤)

بۇ ئۈژمە ئائىلىسى (Moraceae桑科) دىكى پېلىيى
ۋە تالگۈل ئائىلىسى (Ficus pumilaL 薜荔)
络石藤 دىكى (Apocynaceae 夹竹桃科)
دېيىلى-(Trachelospermum jasminoides (tind)Lem)
دىغان 2 خىل ئۇسۇملۇكنىڭ قۇرۇتۇلغان غول ۋە شاخلىرىدۇر.

ئالدىنقىسى شەندۇڭ، جىياڭسۇ، ئەنخۇيلاردا، كېيىنكىسى خېبېي، خېنەن، سەندۇڭ، ئەنخۇيلاردىن چىقىدۇ. ھەر ئىككىلىسى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان چاتقال. تەبىئىتى سەل سوغاق. تەمى قىرتاق. يەلنى تارقىتىپ، ئىسسىقلىقنى تارقىتىش، قانىنى جانلاندۇرۇش، جىگلۇنى راۋان قىلىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## لۇلۇتوڭ مېۋىسى (路路通 ياكى 枫实

(Fructus Liquidambaris

بۇ جىگلومىي ئائىلىسى (Hamamelidaceae 金楼梅科) دىكى فىڭشاڭ دەرىخى (Liquidambar formosana Hance枫香树) نىڭ قۇرۇتۇلغان مېۋىسى بولۇپ، جېجياڭ، جىياڭسۇ، خۇبېي، خېنەن قاتارلىق ئۆلكىلەردىن چىقىدۇ. تەبىئىتى موتىدىل، تەمى قىرتاق. ھېيزنى ماڭغۇزۇپ، بەدەندىكى سۇنى ھەيدەش، ھول ئىسسىقنى تارقىتىپ، ئاغرىق توختىتىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## ماھۇرانچىن (Rhizoma Coptidis 黄连)

بۇ ئېيىق تاپانلىقلار ئائىلىسى (Ranunculaceae 毛茛科) دىكى (1) باغ ماھۇرانچىنى (Coptis taeta wallich 家黄连)، (2) ياۋايى ماھۇرانچىن (C.chinensis Tranchet 野黄连) دىگەن كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان يىلتىز سىمان غولى. سىچۈەن، شىزاڭ، خۇبېي، شەنشى ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ. تەمى قىرىق، تەبىئىتى سوغاق، ئوت ئىسسىقنى قايتۇرۇش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، زەھەرنى قايتۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## مەدەستان (Lithargyrum 密陀僧)

بۇ، قورغۇشۇن رودىسىنى ئېرىتىش بىلەن ئېلىنىدىغان قورغۇشۇن ئوكسىدىدۇر. گۇاڭدۇڭ، خۇنەن، فۇجيەن ئۆلكىلىرىنىڭ



www.uyghurkitap.com

كان رايونلىرىدىن چىقىدۇ. تەمى ئۈزغا ئوخشاش، تەسىرى موتىدىل بىر ئاز زەھەرلىك! قورۇش ۋە قان توختىتىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە. ئادەتتە يارىلارنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

## مۈۋەببەل سىپىت (Radix ophiopogonis 麦冬)

بۇ يىپىاز ئائىلىسى (Liliaceae 百合科) دىكى يەنجىساۋ (Ophiopogon japonicus ker - cawl 沿阶草) نىڭ قۇرۇتۇلغان تۇگۈنەك يىلتىزى بولۇپ جىجياڭ، سىچۇەن قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ. تەمى تاتلىغراق قىرىق. تەبىئىتى سەل سوغاق. ئۆپكىنى ھۆللەش، يۈرەكنى تازىلاش، ئىسسىقنى قايتۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## مەستىكى رۇمى (Mastix 乳香)

بۇ سىر دەرىخى ئائىلىسى (Anacardaceae 漆树科) دىكى (Pistacia lentiscus) 乳香树 دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل پىستە دەرىخىنىڭ يېلىمى بولۇپ، تۈركىيە، ھىندىستان، مىسىر، لىۋىيە، تۇنىس قاتارلىق دۆلەتلەردىن چىقىدۇ. تەبىئىتى ئىسسىقتا مايىل، تەمى ئاچچىغراق قىرتاق، بەلنى تەڭشەپ، قاننى جانلاندۇرۇش، پەيلەرنى يۇمشىتىپ، ئاغرىق توختىتىش، يارىلارنىڭ زەھىرىنى تارقىتىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## مۆلى قۇلۇلىسى (Concha ostrea 牡蛎 )

دېڭىزدا ياشايدىغان Ostrea 大连湾牡蛎 ·Ostrea gigans thunb 长牡蛎، talienwhanensis Crosse دىگەن قۇلۇلىلەرنىڭ Ostrea rivularis Gould 近江牡蛎 قېپى. تەمى تۇزلۇق، تەبىئىتى سەل سوغاق، ئىسسىقنى قايتۇرۇش، قورۇش، بەلغەمنى بوشىتىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

www.uyghurkitap.com

## مۇرچۇۋا (ھەلىيون) Radix Asparagi 天门冬(天冬)

بۇ پىياز ئائىلىسى (Liliaceae — 百合科) دىكى مۇرچۇۋا (Asparagus cochinchinensis (Lour.) Merr.) دىگەن ئۆسۈملۈكنىڭ تۈگۈنەك يىلتىزى. گۆيجۇ، سىچۇەن، گۇاڭشى قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ. تەمى قىرىغىراق تاتلىق، قاتتىق سوغاق. مەنى يىلىكنى قۇۋەتلەپ قۇرغاقلىقنى نەملەشتۈرۈش، ئوت ئىسسىقنى يان- دۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## مۇلان غۇنچىسى 辛夷

(Flos magnoliae liliflorae)

بۇ ماگنولىيە ئائىلىسى (Magnoliaceae木兰科) دىكى 木兰 (Magnolialiliflora Desr.) دىگەن دەرەخنىڭ گۈل غۇنچىسى، دورىغا گۈل غۇنچىسى ئىشلىتىلىدۇ. خېنەن، ئەنخۇي، جېجياڭ، سىچۇەن، شەنشى، خۇبېي قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ، تەمى ئاچچىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل. باش يۈز قىسمىلىرىدىكى ئىسسىق يەلنى تارقىتىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## مۇتۇڭ (Caulis Akebiae 木通)

بۇ 木通科 (Lardizabalaceae) ئائىلىسىدىكى 木通 (Akebia quinata (Thunb.) Decne) دىگەن ئۆ- سۈملۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان غولى بولۇپ، ئاساسەن جياڭسۇدىن چىقىدۇ. تەمى قىرىق، تەبىئىتى سەل سوغاق، ئوت ئىسسىقنى باندۇرۇپ سۇ- نى ھەيدەش، تومۇرلارنى راۋان قىلىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## مۇرمەككە (Myrrch — 没药)

بۇ زەيتۇن دەرىخى ئائىلىسى (Burseraceae 橄榄科) دىكى

مۇرمەككە دەرىخى (Commiphora myrrha Eng 没药树) نىڭ قۇرۇتۇلغان يېلىمى بولۇپ، ئەرەبىستاندىن چىقىدۇ. تەمى قېرىق تەبىئىتى موتىدىل. يەلنى ماڭغۇزۇپ قاننى جانلاندۇرۇش، ئىششىقنى قايتۇرۇپ ئاغرىق توختۇتۇش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## پالما يېلىمى (Sanguis Dracons 血竭)

بۇ پالما ئائىلىسى (Palmae 棕榈科) دىكى 麒麟竭 دېگەن پالما دەرىخىنىڭ يېلىمى (Calamus draco Willdenow) بولۇپ. ھىندونېزىيە، سوماترا، مالايىيا قاتارلىق دۆلەتلەردىن چىقىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ خەينەنداۋ، تەيۋەن ئۆلكىسىدە ئۆستۈرۈلىدۇ. تەبىئىتى موتىدىل، تەمى شورلۇغراق تاتلىق. ئۇيۇپ قالغان قانلارنى تارقىتىش. يېڭى گۆش ئۆستۈرۈش، قاننى جانلاندۇرۇپ، ئاغرىق توختىتىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## پىبا يوپۇرمىقى (Folium Eriobotryae—枇杷叶)

**باشقا ئاتىلىشى:** چارتال يوپۇرمىقى

بۇ ئەتىرگۈل ئائىلىسى (Rosaceae — 蔷薇科) دىكى چارتال (Eribotrya japonica Lindl. 枇杷) دېگەن دەرەخنىڭ يوپۇرمىقى بولۇپ، شەنشى، جياڭسۇ، جېجياڭ، ئەنخۇي، فۇجيەن. تەيۋەن، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، جياڭشى، خۇنەن، خۇبېي، سىچۈەن، گۈيجۇ، يۈننەن قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ. تەمى قېرىق، تەبىئىتى موتىدىل. ئۆپكىنى تازىلاش، ئاشقازاننى ياخشىلاش، يەلنى پەسەيتىش، بەلغەم يۇمشىتىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## پىچان گۈل (Rhizoma Belamcande 射干)

بۇ جىغىرنىماۋ ئائىلىسى (Iridaceae 鸢尾科) دىكى پىچان گۈل (Belamcanda chinensis (L.) DC 射干) نىڭ قۇرۇ- تۇلغان يىلتىز سىمان غولى بولۇپ. پىچان گۈل رايونىمىزدا كۆپ

يىلتىزلاردىن بولۇپ، ئۇزۇنچاق كەلگەن. تەمى ئاچچىق ۋە تېخىر بولۇپ، ئۇستۇرۇلۇپ كىلىدۇ ئۇتتۇرىدۇ. تەبىئىتى سوغاق، تەمى قىرتاق، سەل زەھەرلىك؛ ئوت ئىسسىقنى قايتۇرۇپ، زەھەرنى تارقىتىدۇ، قاننى تارقىتىپ. بەلغەم يۇمشىتىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## (Semen Cassiae Torae 决明子) پونۇس

بۇ پۇرچاق ئائىلىسى (Leguminaceae 豆科) دىكى پونۇس (Cassia tora.L. 决明) دىگەن بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكنىڭ پىشقان ئۇرۇغى. ئەنخۇي، گۇاڭشى، سىچۈەن، گۇاڭدۇڭدىن كوپرەك چىقىدۇ ھەم چەت دولەتكە چىقىرىلىدۇ. باشقا ئولكىلەردىنمۇ چىقىدۇ. تەمى تۇزلۇق، تەبىئىتى موتىدىل. جىگەردىكى ئوتنى ھەيدەش، ئىسسىق يەلنى ھەيدەش، كوزنى روشەنلەشتۇرۇش، ئۈچەينى سىلىقلاش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

## 陈皮 (ئۇترۇج) پىشقان جۇيزى پوستى

بۇ
① 大红柑 (Citrus chachiensis)
